كارل ۋىتىر پەرزەنت تەربىيەسى جەۋھەرلىرى

The Education of Karl Witte

# بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ

2



ماتېماتىكا تەربىيەسى
ساپا-خاراكتېر تەربىيەسى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئانا تەربىيەسى بالا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بالا تەربىيەلەشكە ماھىر ئانىلىرى بولغان. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەسىنى ئانىسىنى تەربىيەلەشتىن باشلىدىم.

بالا تەربىيەلەشتە، بالىنى چوقۇم قىزىقتۇرۇش كېرەك. بالا قىزىقسا، ئاندىن تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، ھالبۇكى بالىنى قىزىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەربىيەنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش.

تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئاساسى بالا مەزگىلىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. شۇڭا بالىنى بالدۇر تەربىيەلەش كېرەك، قانچە بالدۇر تەربىيەلىسە، ئۈنۈمى شۇنچە روشەن بولىدۇ.

بالا تەربىيەلەشتە يېتەرلىك سەۋر - تاقەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك.

ھېكايە سۆزلەش بالا تەربىيەلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بالىغا ھېكايە سۆزلەپلا قالماي، يەنە بالىنىمۇ سۆزلەتكۈزۈش كېرەك.

ئويۇن بالىنى قىزىقتۇرالايدۇ، ئەگەر ئويۇن ئەقىل ۋە چوڭقۇر مەنىگە تويۇنسا، بالا ئويۇن ئويناپ، تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

ھەممە ئادەمدە تۇغما ئىقتىدار بولىدۇ، ئەگەر بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قېزىلسا ئۇنداقتا ئۇ «تالانت ئىگىسى» گە ئايلىنىدۇ. بولمىسا ئادەتتىكى ئادەم بولىدۇ. ھەربىر يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئاچىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سەزگۈر مەزگىلى.

بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتكە ۋە ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

تېلېفون: 18016892489
ئۈندىدار: 18016892489
QQ : 18016892489
ئىككىلىك كودنى سكاننېرلاپ، بىزنى قوشۇۋېلىڭ

كارل ۋىتىر پەرزەنت تەربىيەسى جەۋھەرلىرى

# بالىڭىزنى ئويۇن
# ئارقىلىق تەربىيەلەڭ

بىلال ياقۇپ

تەرجىمە ئاساسىدا تۈزگۈچىلەر: ئاينۇر دولقۇن

ئايبۈۋى نەزەر







شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

用游戏来教育孩子. 2 : 维吾尔文 / 比拉力 · 牙合甫编译. -- 乌鲁木齐 : 新疆人民卫生出版社, 2014.8
ISBN 978-7-5372-5787-9

Ⅰ. ①用… Ⅱ. ①比… Ⅲ. ①游戏课—学前教育—教学参考资料—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ① G613.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 224954 号

**书　　名:** 用游戏来教育孩子. 2
**编　　译:** 比拉力 · 牙合甫, 阿依努尔 · 多力坤, 阿依布比 · 尼扎尔
**策　　划:** 艾麦尔江 · 艾麦提
**责任编辑:** 帕丽旦 · 吾甫尔
**责任校对:** 乔尔帕 · 吐尔逊
**封面设计:** 海米旦 · 塞达力木
**版式设计:** 艾山 · 力提甫
**插图设计:** 艾合麦提 · 阿布都热依穆, 拜合提亚尔 · 穆合塔尔
**出　　版:** 新疆人民总出版社
新疆人民卫生出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市龙泉街 196 号
**网　　址:** http://www.xjpsp.com
**印　　刷:** 乌鲁木齐军星印刷厂
**发　　行:** 新疆新华书店
**版　　次:** 2014 年 8 月第一版
**印　　次:** 2015 年 5 月第一次印刷
**开　　本:** 787 × 1092 mm　16 开本
**印　　张:** 10.5
**书　　号:** ISBN 978-7-5372-5787-9
**印　　数:** 1—5000
**定　　价:** 37.00 元

# بالىلار بىزنىڭ، بىزنىڭ بولسۇن

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

تۇرمۇشىمىزدا بالا بېقىشنىڭ گېپى بولۇپ تۇرىدۇ. «بالا بېقىش» دېگەن ئىبارىدە بالىنىڭ ئوزۇقلىنىشى، كىيىنىشى ۋە بىخەتەرلىكىگە بولغان كاپالەت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ھاياتلىق بىر ئىنساننىڭ ئاساسىي زېھنىنى ئىگىلىگەندە، يەنى ئادەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى جان بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش، ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەندە، بۇنداق ئەھۋال بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىگىلىگەندە، ئۇ ئادەم جاھانسازلىقتىن ھالقىپ، سۈپەتلىك تۇرمۇش ھەققىدە خىيال سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە «بالا بېقىش» ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بالىلارغا نان تېپىپ بېرىش مەنىسىدە چەكلەنگەن بولىدۇ. خەلقىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىبادەت ۋە تىجارەت ئەقىدىلىرىدە، پەرزەنت تەربىيەسىگە دائىر قىممەتلىك، مول تەجرىبىلەر بار. بىزنىڭ بۇلارنى قېزىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس، ئۇلارنى ھازىرقى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدىكى قىلغانلىرىمىز مۇئەييەن بىر ئادەت تۈسىدە كەلدىكى، ئەقىل بابىدىكى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، زاماننىڭ ئەلپازىغا ئۇدۇللاش تەرىقىسىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىمىز يوق ھېسابتا بولدى. جاھان جىق ئۆزگەردى، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت بارغانسېرى بىزگە ناتونۇش تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىمىزمۇ ياتلىشىپ كېتىۋاتىمىز. گويا ئاساسىي ئېقىمغا ئۆز تاللىشىمىزنى يوقاتقان يېگانە پىلانىتا بولۇپ قالدۇق. بالىلىرىمىزنى يەسلى ياكى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بېرىپلا، تىرىكچىلىك غېمىدە پىتىراپ يۈردۇق. ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى قىلماي، ھاۋالە شەكلىدە ئادا قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىكى ساناقسىز بەدەللەر مۇھاكىمىسىز قالدى.

ئەمەلىيەتتە، ھازىر بىزگە پەرزەنت تەربىيەسىدەك تەخىرسىز مەسىلە بولمىسا كېرەك. ئۇ بىز قىلالايدىغان، لېكىن سەل قارالغان مەسىلە. تەربىيە كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق ئاياللار ئەرلىرىنىڭ كاپالىتىدە زېھنىنى پەرزەنت تەربىيەسىگە قاراتسا، تەربىيە مەسىلىلىرىگە ئائىت ئىجابىي تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتسە، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىمۇ قەلەم توختىسا، ئائىلە، نىكاھ، پەرزەنت تەربىيەسى ساھەسىدە ئاياللاردىنمۇ مۇتەپەككۇرلار چىقسا، زىيالىي ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن ئەنجۇمەنلەر ئىجتىمائىي دۇرۇس ئېنېرگىيەنىڭ يادروسىغا ئايلانسا، پۇلدارلار بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھامىي بولسا، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئۆزىنىڭ بىلىش تەجرىبىلىرى، مائارىپ ئەنئەنىلىرى، گۈزەللىك ئېڭى بىلەن مەزمۇنلىسا، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە زامانىۋى بىلىم ۋە ئەندىزىلەر بىلەن بېيىپ بارسا، ئىستىقبال ھەر كىمنىڭ ئۆز قولىدا بولار ئىدى.

بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇن، ئايبۈۋى نەزەر قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ ھەمكارلىقىدا

www.uyghurkitap.com

«بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ» دېگەن كىتاب ۋۇجۇدقا كەپتۇ. بىر چاغلاردا ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «كارل ۋېتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق كىتاب يۇقىرىقى ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن قوللىنىشچان، ئاممىباب ھالەتكە كەپتۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىگە ئائىت ھالقىلىق يەكۈنلەرنى جەريان ۋە باسقۇچلار ئارقىلىق ئىگىلىشىگە قولايلىق يارىتىدىغان ئەمگەك بوپتۇ. ئەلۋەتتە، كىتابتىكى پىكىرلەر تەرجىمىدىن كەلگەندۇر. كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى، كىرىشتۈرۈلگەن رەسىملەرنى نەزەرگە ئالغاندا ئىجادىي ئەمگەكلەرنىڭمۇ خېلى سالمىقى بار ئىكەن. لېكىن ھېس قىلالمايمىز، بىر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ياكى تۈزۈش زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى ھېسمۇ بىر ئىجادىيەت، تەرجىمە باسقۇچلىرىمۇ ئىجادىيەتتۇر. ئومۇمەن، ھەرقانداق ئەمگەك ئىجادىيەتتۇر. بىرلا شەرت: بۇ ئەمگەك ئۆز تاللىشىڭىزدىن ئۆتۈشى كېرەك.

بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇنلار بىز تازىلىغان بۇلاقلاردىن سۇ ئىچكەن ئاسپرانتلار، ئۇلارنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى تەقەززاسىدا مەزكۇر كىتابنى ئورتاق ئەمگەككە نىشانلاپ، ئاخىر بىر باشقا ئېلىپ چىقىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىسىدىن سۆيۈندۈم. بىزنىڭ ئوقۇغان خانىم ـ قىزلىرىمىز ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن ئېشىنالمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇ ھەلەكچىلىكتىن ھالقىپ، ئەۋلاد تەربىيەسى بابىدا جەمئىيەتكە كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇ كىتابنىڭ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مول ئەقلىي مەھسۇلاتلىرىدىن بىر بېشارەت بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مۇشۇ كىرىش سۆزنى ئارمىغان قىلدىم.

كىتابنىڭ ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيلىكى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشسۇن. مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم: ئەۋلاد تەربىيەسى ھەققىدىكى تەلقىنلەر كۆپەيسۇن، ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە ئىزدىنىشلەر ئېھتىياجىمىزدىن ئاشقۇدەك بولسۇن. شۇ چاغدىلا بىز نوقۇل بىيولوگىيەلىك ئاتا ـ ئانا بولۇشتىن ئىنسانىي ئاتا ـ ئانا بولۇشقا، ئەقىل ۋە مەنىۋىيەت سەيناسىدىن ئىززەت تېپىشقا مۇيەسسەر بولالايمىز.

2014 ـ يىل 16 ـ نويابىر ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە



## 3 ـ بۆلەك ماتېماتىكا تەربىيەسى


01 بالىلارنىڭ ماتېماتىكىدىن بىزار بولۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپ خىل 1

ماتېماتىكا ھەقىقەتەن بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆلچەشتىكى بىر ئۆلچەم، لېكىن ئۇ پەقەت بىر خىل بىلىمگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئۇنۇۋېرسال ساپاسىلا ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىي كۈچىنىڭ قانچىلىكلىكىنى......

02 ماتېماتىكا ئۆگىنىش سان ساناشتىن باشلىنىدۇ 14

سان ساناش بالىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىگە كىرىشىنىڭ مۇقەددىمىسى. سانلار بىلەن تونۇشۇش، ساناشنى بىلىش بالىنى سانلارغا نىسبەتەن ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. بالا ساناش ئارقىلىق سان ۋە سانلار ئارىسىدىكى ئاددىي مۇناسىۋەتنى......

03 بالىلار قىزىقارلىق ماتېماتىكا ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ 30

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىغا ماتېماتىكا ئۆگەتكەندە نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ماتېماتىكىنى مەنىسىز، قىزىقارلىق بولمىغان شەكىللەردە ئۆگىتىدۇ. ماتېماتىكا ئۆگىتىشنىڭ نۇرغۇن......

04 تۇرمۇش ماتېماتىكىلىق بىلىملەر بىلەن تولغان 42

نۇرغۇن بالىلار ماتېماتىكىنى مەجبۇرى ئۆگىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ماتېماتىكا ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ماتېماتىكىلىق بىلىملەر تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە قىسمىغا سىڭىپ كەتكەن، ھەم كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك رەڭدارلىققا تولغان......

05 توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ 58

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندە، خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ نەتىجىسى ياخشىلانمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكى......

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە



## 4 - بۆلەك ساپا- خاراكتېر تەربىيەسى


01 ياخشى خاراكتېرنىڭ زۆرۈر ئامىللىرى 71

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاق- پەزىلەتكە ۋە ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشتىنمۇ مۇھىم ......

02 مۇستەقىللىق باللارنىڭ «چوڭ بولۇشى» دىكى ئالدىنقى شەرت 87

باللارغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مۇستەقىللىق تەربىيەسى بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. باللار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا- ئانىلىرى ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنسە ھەم ھەممە ئىشنى قىلىپ بەرسە، باللارنىڭ ئىقتىدارى چېكىنىپ ......

03 مەغلۇبىيەتكە باتۇرانە يۈزلىنىش 104

باللارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا تاقابىل تۇرالىشى، مەغلۇبىيەتتىن تۇگىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاتا- ئانىلار باللاردا كىچىكىدىنلا ئوڭۇشسىزلىققا يۈزلىنەلەيدىغان پوزىتسىيە ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشى، ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى ......

04 تەربىيەلەش ئۇسۇلى باللارنىڭ خاراكتېرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ 124

ئاتا- ئانىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشى، تەربىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى باللارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا. شۇڭا ئاتا- ئانىلار چوقۇم ئۆزىنىڭ سۆز- ھەرىكىتىگە، يۈرۈش- تۇرۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى......

05 ياخشى خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بەك مۇھىم 144

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بەزى كىشىلەر بالا تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا قاتتىق تەلەپ قويساممۇ كېچىكمەيمەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ تولىمۇ خاتا قاراش بولۇپ، بالا يامان ئادەتنى ......

# 3 - بۆلەك

## ماتېماتىكا تەربىيەسى

### 1. بالىلارنىڭ ماتېماتىكىدىن بىزار بولۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپ خىل



نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ماتېماتىكىغا ئۇستا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار بالىلارنىڭ ماتېماتىكا بىلىمى قانچە ئاشسا، شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ماتېماتىكا ھەقىقەتەن بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆلچەشتىكى بىر ئۆلچەم، لېكىن ئۇ پەقەت بىر خىل بىلىمگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىلا ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىي كۈچىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ماتېماتىكا ئۆگىنىشكىلا زورلاپ، باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

بىر پەنگە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر پەنگە سەل قاراش بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇۋازىنەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماتېماتىكىدا ياخشى، باشقا تەرەپلەردە ناچار بولۇش ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# بالىڭىزنىڭ ماتېماتىكىدىن بىزار بولغانلىقىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟




كىچىك كارلدا تۇنجى قېتىم ماتېماتىكىدىن بىزار بولغانلىق ئىپادىسى كۆرۈلدى، كىچىك كارلنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشنى ئويلاۋاتقان چوڭ كارل بۇنىڭدىن غەمگە چۆكتى.

كارل ۋېتىر ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن كىچىك كارلغا مەدەنىيەت، تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، بىيولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆگەتكەنىدى. كىچىك كارلنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. كىچىك كارل كارل ۋېتىر بىلەن ئويناش جەريانىدا سان، سان ساناش قاتارلىق ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋالدى، بىراق كارل ۋېتىر كەررەنى يادلاتماقچى بولغاندا، كىچىك كارل ئۆزىنى قاچۇردى.

بىر قېتىم كارل ۋېتىر ئۆزى قوشاققا سالغان كەررە يادلاش قوشىقىنى كىچىك كارلغا ئۆگەتتى، لېكىن ئۆگىتىپ يېرىمىغا كەلگەندە، كىچىك كارلنىڭ زېھنىنىڭ چېچىلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، ئۇنىڭ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

باللارغا مەلۇم بىر دەرس خۇشياقمىغان ۋاقتى ئۇنىڭ بۇ پەندىن بىزار بولۇشقا باشلىغان ۋاقتى. خۇشياقماسلىق ۋىرۇسقا ئوخشاش باللارنى چىرىتىۋېتىدۇ. كارل ۋېتىر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر دوستى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ مەلۇم پەنگىلا قىزىقىش، مەلۇم پەننى ئۆگىنىشنى خالىماسلىق مەسىلىسىنى دەل ۋاقتىدا تۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ چوڭ كارل يەنە مۇشۇنداق ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا تۇردى.




مەلۇم بىر پەنگە قىزىقىپ، باشقا پەنگە قىزىقماسلىق نۇرغۇن باللاردا كۆرۈلىدىغان ھادىسە بولۇپ، بەزى ئاتا - ئانىلار ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار باللارنىڭ بەزى پەنلەرنى ياقتۇرماسلىقى نورمال ئەھۋال، باشقا پەنلەردە ياخشى بولغاندىكىن بولدى، دەپ قارايدۇ. بىراق بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك باللاردا تىتىلداش، دىققىتىنى يىغالماسلىق، ھورۇنلۇق، ھىيلىگەرلىك قاتارلىق يامان ئادەتلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ھەم ۋاستىلىك ھالدا باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا باللارنىڭ مەلۇم پەندىكى ئىپادىسى ياخشى بولسىمۇ، بىر پەننى ياخشى كۆرۈپ، باشقىسىنى ياخشى كۆرمەسلىكى ھەرگىزمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. بۇ خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى مەلۇم ئەزادا چاتاق چىققىنىغا ئوخشايدۇ. باشقا ئەزالار نورمال خىزمەت قىلىۋەرگەن تەقدىردىمۇ، ئومۇمىي ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللارنى تەربىيەلەش جەريانىدا چوقۇم تەربىيەلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. باللارنىڭ ھەر جەھەتتىكى بىلىملىرىنى ئىمكانقەدەر تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەگەر باللاردا مەلۇم بىر پەننىلا ياخشى كۆرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە تېزدىن ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىش كېرەك.




# چاۋاك-چاۋاك

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا - ئانىسى بىر گۇرۇپپا شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى ئوقۇيدۇ، بالىلار مەلۇم تۈرگە تەۋە شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا چاۋاك چالىدۇ. مەسىلەن:

1. ئاشخانا سايمانلىرىنى ئاڭلىغاندا چاۋاك چېلىش: ئاپېلسىن، ئۈستەل، ئورۇندۇق، تېلېفون، چىراغ، قوشۇق، ساپلىق.

2. سۇدا ياشايدىغان ھايۋانلارنى ئاڭلىغاندا چاۋاك چېلىش: يولۋاس، شىر، زىراپە، مايمۇن، قونچاق، لەھەڭ، بېلىق، بۈركۈت، خوراز.

3. تاتلىق مېۋىلەرنى ئاڭلىغاندا چاۋاك چېلىش: سامساق، پىدىگەن، تاۋۇز، كاۋا، قوغۇن، بانان، سەۋزە، ئۈزۈم، تەرخەمەك.

ئويۇننى خالىغان تۈرلەر بويىچە ئوينىغىلى بولىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ئىنكاسچانلىقىنى چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن، شەيئىلەرنى تۈرگە ئايرىش ئىقتىدارى ۋە بالىلارنىڭ ئىسىم، سۆزلۈك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# سان ناخشىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 5 ياش

كېرەكلىك نەرسىلەر: سان ناخشىسى كىتابى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ناخشىدا 1 ~ 9 غىچە بولغان سانلار بولىدۇ.

2. ناخشا تېكىستىنى يېزىپ، قەغەزدىكى رەقەملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بالىغا بىر جۈملە، بىر جۈملىدىن ئۆگىتىمىز.




بالىنىڭ ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى كۆپ خىل. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلارنىڭ بىرلا پەنگە ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا پەنگە سەل قاراشتەك ئېغىر مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك. بالىغا ماتېماتىكىنى جانلىق ئۆگىتىش ھەم بالىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ «بىر پەنگىلا ئەھمىيەت بېرىپ باشقا پەنگە سەل قاراش»نىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش كېرەك. بىراق شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، بالىلارغا ماتېماتىكا ئۆگىنىشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بالىلارنىڭ ئۆگىنىش بېسىمى يەڭگىللىشى مۇمكىن.

# باللارنىڭ ماتېماتىكىغا قىزىقىشىغا ئاتا ـ ئانىلار زور تەسىر كۆرسىتىدۇ




كارل ۋېتىر تۇرلۇك ئويۇنلار ئارقىلىق كىچىك كارلغا ماتېماتىكا ئۆگەتەتتى. دەسلەپ باشلانغاندا كىچىك كارل دادىسىغا ئەگىشىپ تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەندى. بىراق كارل ۋېتىر بالىسىغا قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈشنى ھەقىقىي ئۆگىتىشكە باشلىغاندا، كىچىك كارلدا قارشىلىشىش پسىخكىسى شەكىللەندى. كارل ۋېتىر خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، كىچىك كارلدا ماتېماتىكىغا نىسبەتەن ھېچقانداق قىزىقىش بولمىدى، كارل ۋېتىر ئامالسىز قالغان ۋاقىتتا، دوستلىرى ئۇنىڭغا بىر پىروفېسسورنى تونۇشتۇردى. كارل ۋېتىر ئەھۋالنى پىروفېسسورغا ئېيتتى. پىروفېسسور: ئەگەر بالىغا ماتېماتىكا ئۆگىتىدىغان ئادەم ماتېماتىكىغا قىزىقمىسا باللاردىمۇ قىزىقىش بولمايدۇ. باللارنىڭ مەلۇم خىل مەدەنىيەت ياكى مەلۇم خىل بىلىمگە نىسبەتەن قىزىقىشى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيەلەش شەكلى، قىزىقىشى ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: ئەگەر سىز تارىخقا قىزىقسىڭىز، باللارغا ئۆگەتكەندە جانلىق، قىزىقارلىق، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرگىدەك ئۆگىتەلەيسىز. باللارمۇ قىزىقىش ئىچىدە ئۆگىنىدۇ، دېدى.

كارل ۋېتىر پىروفېسسورنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى شېرىن چۈشىدىن ئويغانغاندەك بولدى. ئۇ ھەقىقەتەن ماتېماتىكىنى ئۆلۈك ھالدا ئۆگەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھەمدە كىچىك كارلغا ئەگىشىپ ئۆگەنسىلا ئاندىن چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كېيىن كارل ۋېتىر ئۆزىنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. كىچىك كارلمۇ تەدرىجىي ماتېماتىكىغا قىزىقىشقا باشلىدى.




ئەگەر سىز بالىڭىزغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرمىسىڭىز، ئۇنداقتا بالىڭىزنىڭ ئاڭلىغانلىرى مەنىسىز، قىزىقى يوق نەرسىلەر بولىدۇ. سىز ئۇنىڭغا قايتا ھېكايە سۆزلەپ بەرسىڭىز، بالا ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. بالا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ، بولۇپمۇ بالىغا بىر نەرسە ئۆگەتكەندە، جانلىق، قىزىقارلىق مەزمۇنلارنى ئاڭلىغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھاياجانلىق چىرايىنى كۆرۈپ، ئەھمىيەتلىك نەرسىنى ئۆگەنىدىم دەپ قارايدۇ، ھەم تېخىمۇ مەنىلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە ئۆگەتسەڭ، بالىنىڭ ئويۇننى ياخشى كۆرىدىغان تۇغما قىزىقىشىغا قارشى ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بوغۇپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن باللار ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارمۇ خالىمايمىز، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com






# تاياقچە تىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل شەكىلدىكى تاياقچىلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىرلىكتە تاياقچىلاردىن شەكىل ياسايدۇ.

بالىنىڭ قانداق شەكىل، قانداق رەڭ، قانداق نەقىشلىك تاياقچىلارنى ئىشلەتكەنلىكىگە قاراپ، ئىشلەتمىگەنلىرىنى ئاتا ـ ئانىسى ئىشلىتىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالا ياقتۇرمىغان تاياقچىلاردىن بىر چىرايلىق شەكىل ياساپ، بالىغا ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ ئىشلىتىش قىممىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



# سان رەسىم

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قېرىنداش، ئاق قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

ئاتا ـ ئانىسى 2 رەقەمدىن پايدىلىنىپ بىر ئۆردەكنى سىزىپ چىقىدۇ ۋە بىر تەرەپتىن سىزىپ بىر تەرەپتىن:

مەن 2 دە ئوقۇۋېتىمەن، ئىمتىھاندا 0 ئالدىم،

دادام ئۇردى ئىككىنى، مۇئەللىم ئۇردى ئۈچنى،

لەۋلىرىمدىن چىڭ سوزۇپ، ئۆردەك قىلدى مېنى،

دېگەن ناخشىنى ئېيتىدۇ.

ئاندىن بىر تەرەپتىن سان ناخشىسىنى ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن بالىنىڭ سىزىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.





يۇمۇرىستىك، قىزىقارلىق سۆزلەر بالىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. بالىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىپادىسى ۋە پوزىتسىيەسىگە قاراپ ئىشلارنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئەگەر ئاتا ـ ئانىلاردا ماتېماتىكىغا نىسبەتەن قىزىقىش ياكى بالىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىرەر ھەرىكەت بولسىلا، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ماتېماتىكىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بالىغا ماتېماتىكا ئۆگەتكەندە باشقا بىلىملەرگىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك




كارل ۋېتىر بالىسىغا ئەزەلدىن بىرلا خىل نەرسىنى ئۆگەتمەيتتى. ئۇ بالىنىڭ بىر خىل نەرسىگە قىزىقىش ۋاقتىنىڭ ئارانلا ئون مىنۇت ئەتراپىدا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، كىچىك كارلنىڭ زېرىكىپ قالىدىغانلىقىنى، ھېچ ئىش قىلمىسا مەيلىكى، ئۇنىڭغا قارىغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كارل ۋېتىر بالىسىنى ماتېماتىكىدىن زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەنىلىك ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ، بالىسى بىلەن ئوينايتتى.

بىر كۈنى كارل بالىسىغا سان تونۇتۇۋاتقاندا، ئۇ كىچىك كارلنىڭ زېرىكىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «قارا، تۈنۈگۈن بىر بالا ئۇچراپ قالغانىدى، ئۇ ماڭا لاتىنچە سالام قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى دەپ بېرەلەمسەن؟» دېدى. كىچىك كارل بۇلارنىڭ ھەممىسىگە لاتىنچە جاۋاب بېرىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ كارل ۋېتىر ئەپچىللىك بىلەن چەت ئەل تىلى دەرسىنى ئۆتتۈۋالدى. كىچىك كارلنىڭ زېرىكىشى يوقالغاندىن كېيىن، يەنە بالىسىغا سان تونۇتۇشقا باشلىدى .




بالىلارنىڭ قىزىقىشى مۇقىم ياكى ئۇزۇن بولمايدۇ، ھېلى بىر نەرسىگە، ھېلى باشقا بىر نەرسىگە قىزىقىدۇ. ئىزچىل ئويۇن ئويناتسىمۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىنلا ئۇ يەنىلا مەنىسىز ھېس قىلىدۇ، باشقا نەرسىنى ئويلايدۇ. ئويۇن ئارقىلىق سان يېزىش مەشىقىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خىيالى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتېماتىكا بارلىق بىلىملەرگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بالا يەنە تىل ئىقتىدارى، جەمئىيەت ئالاقە ئىقتىدارى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى كېرەك. شۇڭا بالىنى ھەر خىل بىلىملەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ھەم نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئۆگىنىۋاتقانلىرى ئۆزگىرىشچان بولسا، ئۆزگىرىپ تۇرسا، بالا مەنىلىك ھېس قىلىدۇ. ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىمۇ، يەنىلا ئاۋۋالقىدەكلا روھلۇق بولىدۇ.






# جۈپ چاۋاك

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن چاۋاك چېلىش ئويۇنى ئوينايدۇ. ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق: ئوڭ قول بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ سول قولىدا چاۋاك چالىدۇ، سول قول بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئوڭ قولىدا چاۋاك چېلىشىپ قايتۇرۇۋالىدۇ.

2. تەكرار چاۋاك چالىدۇ. ئائىلە باشلىقى رىتىمغا ئەگىشىپ بالىلار ئامراق شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ، مەسىلەن:

سەن بىرنى ئۇر، مەن بىرنى ئۇراي،
سەن يەنە ئۇر، مەن دەرھال توساي.
دېگەندەك.



www.uyghurkitap.com

# كىم كىمنى يەيدۇ؟



ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھايۋانات رەسىمى، يېشىل ئوت رەسىمى، گۆرۈچ رەسىمى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئائىلە باشلىقى بىر گۆرۈپپا ئوزۇقلۇق زەنجىرى ياساپ، بالىغا تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تېخىمۇ كۆپ ئوزۇقلۇق زەنجىرى ياساتقۇزىدۇ.

2. بالا بىر تەرەپتىن ياسايدۇ، ئائىلە باشلىقى بىر تەرەپتىن ماس كەلگەن ھايۋانلارنىڭ باش سۈرىتىنى سىزىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.



بالىغا ھەركۈنى ماتېماتىكا ئۆگىتىش ئارقىلىق بالىنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇ بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان ئۇسۇل ئەمەس. بالىنىڭ بىر شەيئىگە بولغان قىزىقىشى ئانچە ئۇزاق بولمايدۇ. ماتېماتىكا بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئابستراكت، ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان پەن بولغاچقا، مەنىسىز تۇيۇلىدۇ. زورلىغانچە نەتىجىسى دەل ئەكسىچە بولۇپ، ماتېماتىكىدىن بىزار بولىدۇ. بالىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرسەك، ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي تەربىيەلىگەن بولىمىز. ماتېماتىكا مائارىپىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، باشقا پەنلەرنى قوشۇش، مەسىلەن: بىيولوگىيە، فىزىكا، تارىخ قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئويۇن بىلەن ئوقۇتۇشنى قوشۇمچە قىلىش، بالىنى ھەرقايسى جەھەتتە تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بالىنىڭ ماتېماتىكا ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.



# ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ پىكرى ۋە تەلىپىگە مۇۋاپىق ھۆرمەت قىلىشى كېرەك




«بىز سان تېپىش ئويۇنى ئوينىساق قانداق؟» كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ ماتېماتىكا بىلىمىنى مۇستەھكەملەشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بىراق ئوغلىنىڭ ئۆگەنگۈسى يوق ئىدى. ئۇ ئاتىسىغا «مېنىڭ ئويۇن ئوينىغۇم يوق» دېدى. كارل ۋېتىر ھەيران قېلىپ: «نېمە ئوينىغۇڭ بار؟» دەپ سورىدى. ئوغلى ئويلىنىپ، بېشىنى چايقاپ: «بىلمەيمەن» دېدى. ئوغلى بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، «تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمايدۇ» دەپ ئويلىدى. بىراق كارل ۋېتىر سەممىيلىك بىلەن ئوغلىغا: «بولىدۇ، قالغان ۋاقتىنى سەن خالىغانچە ئورۇنلاشتۇر، بىراق قىلىدىغان ئىشىڭ ئېنىق بولۇشى كېرەك» دېدى. ئوغلىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى، كارل ۋېتىر سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كېتىپ قالدى. بۇ شاكىچىكنىڭ قالغان ۋاقتتا زادى نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولغىنىنى بىلمىسەكمۇ، بىراق ئىككىنچى كۈنى كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا ئۆگىتىۋاتقاندا، ئوغلى ياخشى ماسلاشتى.




ماتېماتىكا ئۆگىنىش جەريانىدا، ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەلەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇقەررەر. مەسىلەن: كارل ۋېتىر يولۇققان ئەھۋالدا، ئوغلىنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆگەنگۈسى كەلمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز بېشىمچىلىق قىلماقچى دەپ قاراپ، ئۆگىنىشكە زورلايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. بىراق بالىغا ئۆزىنىڭ خاھىشىنى تاللاشلىقى كېرەك. بالا گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا غۇرۇر بولىدۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشىنى ۋە قوللاشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەرۋا قىلماسلىقى، رەددىيەسى، تىللىشى بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. بۇمۇ نېمە ئۈچۈن بەزى بالىلارنىڭ ئويلىغىنىغا ئېرىشەلمىگەن ۋاقتتا يىغلىشى، غەزەپلىنىشى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى. گەرچە بەزىدە بالا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ھەقىقەتەن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئاتا ـ ئانا بالىنى بىۋاستە رەت قىلماسلىقى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئاسان ئازابلىنىدىغان قەلبىنى ئويلىشى، بالىنىڭ غۇرۇرىغا تەگمىگەن ئاساستا مەسىلىنى ھەل قىلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com






# كۈن تەرتىپ جەدۋىلى

ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئائىلە باشلىقى ھەر كۈنى بالىغا ئۆگىتىدىغان مەزمۇنلارنى بىر تال قەغەزگە يېزىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: يۈگۈرۈش، شېئىر ئوقۇش، مۇزىكا ئاڭلاش، ئويۇن ئويناش، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش، ھېساب، بىيولوگىيە، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىقلار.

2. بۇ مەزمۇنلارنى بالىغا كۆرسىتىپ، قايسىلىرى ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنى، قايسىلىرى ئەمەس، بالا ئۆزى ئويلىنىدۇ ھەم ئالدى ـ كەينى تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

3. بالا تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن قايتا ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى كېڭىشىدۇ، شۇڭا بالىغا بىر ئاز ئويلىنىش ۋاقتى بېرىدۇ.

4. ئائىلە باشلىقى بالا بىلەن بىرلىكتە بۇ مەزمۇنلارنى بىرلىكتە ئەمەلىيلەشتۇرىدۇ ھەم مۇۋاپىق ۋاقىتتا كېيىنكى پائالىيەتلەرنى بالىنىڭ سەمىگە سالىدۇ.



# قونچاقنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: 2 دانە لاتا قونچاق، قونچاققا ماس كېلىدىغان ھەر خىل يېڭى كىيىم، چاچ بېزىكى، زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلار.

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئائىلە باشلىقى ئاۋۋال بالىنىڭ ئالدىدا لاتا قونچاقنى بىر قېتىم ياساندۇرىدۇ.

2. بالا باشقا بىر لاتا قونچاقنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە لاتا قونچاقنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، قايتىدىن ياساندۇرىدۇ.

3. كىمنىڭ قونچاقنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇشى تېز، ياساندۇرۇشى ئەڭ چىرايلىق بولغانلىقىغا قاراپ مۇۋاپىق مۇكاپاتلىنىدۇ.



بالا ماتېماتىكا ئۆگىنىۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىلار ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقى كېرەك، ماتېماتىكىدىكى باشلانغۇچ بىلىملەر بىر قەدەر ئابستراكت مەزمۇنلار. بالا قايتا ـ قايتا مەشىق قىلغاندا بىر ئاز ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولىدۇ. شۇڭا بالا بىر قاتار تەلەپلەرنى ئورۇنداشقا قىيىنچىلىق قويغاندا، ئاتا ـ ئانا دەرھال رەت قىلماسلىقى، مەسىلىلەرنى بالىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىشى كېرەك. ئەگەر بالىغا مەجبۇرىي ئۆگەتسە، بالىنىڭ غۇرۇرى ئازار يەيدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈپ ئۆگەنمىگەن نەرسىنى ھېچقانچە ئەستە ساقلىيالمايدۇ. ئىككى ئادەم بىر قەدەمدىن چېكىنىپ مەسلىھەتلىشىش ياخشى چارە.

# 3 ـ بۆلەك

# ماتېماتىكا تەربىيەسى

## 2. ماتېماتىكا ئۆگىنىش سان ساناشتىن باشلىنىدۇ

بالىغا ماتېماتىكا ئۆگەتكەندە، ئاتا ـ ئانىلار ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك. بالا ئاۋۋال ماتېماتىكىنى قوبۇل قىلىشى ۋە تونۇشۇشى كېرەك. سان ساناش بولسا بالىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىگە كىرىشىنىڭ مۇقەددىمىسى، سانلار بىلەن تونۇشۇش، ساناشنى بىلىش بالىنى سانلارغا نىسبەتەن ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. بالا ساناش ئارقىلىق سان ۋە سانلار ئارىسىدىكى ئاددىي مۇناسىۋەتنى چۈشىنىدۇ، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەيدۇ.



# ساناش ئويۇنى باللارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىتىدۇ



## هېكايەت

بىر قېتىم كارل ۋېتىر بىلەن ئوغلى بىرلىكتە ئالما يەيدۇ. كارل ۋېتىر ئالمىنى تېز يەپ بولۇپ، ئالمىنىڭ ئۇرۇقىنى، بىر تال - بىر تالدىن سانايدۇ: «1، 2، 3، 4، 5 . . . .». ساناپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلىغا: «قارا، جەمئىي ئون نەچچە تال ئالما ئۇرۇقى بار ئىكەن»، دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوغلى قولىدىكى ئالمىنى ئەمدىلا يەپ بولغانىدى، ئۇمۇ ئالمىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقىنى چىقىرىپ، دادىسىغا ئوخشاش، بىر تال - بىر تالدىن سانايدۇ. «1، 2، 3، 4»، ساناپ تۆتكە كەلگەندە، ئاخىرىنى سانىيالمايدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ: «5، 6، 7 . . . . . .» ساناپ تۈگىگەندە، كارل ۋېتىر كۈلۈپ تۇرۇپ، «ئوغلۇمنىڭ ئالمىسىدىكى ئۇرۇق ئەڭ كۆپكەن» دەيدۇ. ئوغلى بۇنى ئاڭلاپ هاياجانلىنىپ، چاۋاك چېلىپ، قولىدىكى ئالما ئۇرۇقلىرىنى ئويناپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك كارل بىر نەرسىنى كۆرگەندە ئاۋۋال ساناپ بېقىپ، قانچە ئىكەنلىكىنى دەيدىغان بولىدۇ.



## بىلدۇرگۇ

باللارغا سانىنى قانداق ئوقۇشنى ئويۇن ئارقىلىق ئۆگەتسە، ئۇلار خۇش بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سانغا بولغان تەسىراتى چوڭقۇرلىشىدۇ ھەم سانلارنىڭ ئىشلىتىلىش شەكلىنى چۈشىنىۋالىدۇ. ھېچقانداق ئاساسسىز دەپ بەرسە، باللار ساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىشى، ماتېماتىكىدىن بالدۇرلا ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com






## ساناق

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قىزىل رەڭلىك كۇبىك، سېرىق رەڭلىك كۇبىك

ئويناش ئۇسۇلى

1. قىزىل رەڭلىك كۇبىكتىن بەشنى ۋە سېرىق رەڭلىك كۇبىكتىن تۆتنى ئارىلاشتۇرىمىز، بالا قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك كۇبىكنى ئىككى دۆۋە قىلىپ ئايرىيدۇ.

2. ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، بالىدىن قىزىل رەڭلىك كۇبىك كۆپمۇ ياكى سېرىق رەڭلىك كۇبىك كۆپمۇ دەپ سورايمىز. بالا قىزىل رەڭلىك كۇبىكنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قىزىل رەڭلىك كۇبىكنىڭ سېرىق رەڭلىك كۇبىكتىن قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى سورايمىز. بۇ ۋاقىتتا، بالا سان ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ.

3. قىزىل رەڭلىك كۇبىكتىن بەشنى، سېرىق رەڭلىك كۇبىكتىن ئۈچنى ئېلىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوينايمىز.





# توپ ئۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك رېزىنكە توپ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاۋۋال بالىنى توپ ئويناشقا قىزىقتۇرىمىز.
2. ئاندىن توپنى ساناپ تۇرۇپ ئۇرىمىز. مەسىلەن: 1، 2، 3، . . . .
3. ئاندىن بالا بىلەن بەسلىشىمىز.
4. بالا توپ ئۇرغاندا ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن سانىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، بالا ئالدىنقى قېتىمقىدىن كۆپ ئۇرغاندا، ئۇنى ماختاشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ قىزىقىپ ئويىنىشىغا پايدىلىق.





ئاتا ـ ئانا ئويۇن ئارقىلىق ماتېماتىكا ئۆگەتكەندە، باشتىلا قەغەزگە سانلارنى يېزىپ ئۆگەتمەي، رېئال نەرسىلەر ئارقىلىق كونكرېت تەسىراتقا ئىگە قىلغاندا، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بىراق ئويۇننىڭ ۋاقتى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك، ھەر كۈنى بىر قېتىم بولسا، بالا تەبىئىيلا ساناشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، بىزارلىق تۇيغۇسىمۇ بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پۇلدىن سان ئۆگىنىش




كارل ۋېتىر ئوغلىغا تېزراق سان ئۆگىتىش، سانغا بولغان ئىنكاسىنى تېزلىتىش ۋە سانلار ئارىسىدىكى ئاددىي مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، دائىم ئايالى، ئوغلى ئۈچەيلەن «سودا ـ سېتىق» ئويۇنى ئوينايتتى. ئوغلى پىرەنىك، ئويۇنچۇق ئېيىق، بىر ۋاراق قەغەز ياكى بىر تال قەلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتاتتى. باھاسى بۇيۇملارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلەتتى.

بىر قېتىم كىچىك كارل دادىسىنىڭ قەلىمىنى ئېلىپ ماڭدى. كارل ۋېتىر: «ئوغلۇم، مەن قەلەم سېتىۋالماقچى»، دېدى. ئوغلى قەلەمنى ئېلىپ: «ئەپەندىم، مېنىڭچە بۇ قەلەم سىزگە بەك ماس كېلىدۇ» دېدى. دادىسى قەلەمنى ئېلىپ: «شۇنداق، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپ، قەلەمنى ئېلىپلا، بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئوغلى ئالدىراپ: «ئەپەندىم تېخى پۇل تۆلىمىدىڭىز» دېدى. كارل ۋېتىر ئۆرۈلۈپ خىجىل بولغان ھالدا: «ھە، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇ قەلەم قانچە پۇل؟» دېدى. ئوغلى ئويلىنىپ «ئۈچ مارك» دېدى. كارل ۋېتىر بىر بەش ماركلىق پۇلدىن بىرنى ئوغلىغا بەردى. ئوغلى ئېلىپ پۇلغا قاراپ، بىر ئاز ئويلىنىپ ئىككى مارك قايتۇرۇپ بەردى. كىچىك كارل ئۇ چاغدا ئۈچ ياشتىن ئازراق ئاشقان ئىدى.

كارل ۋېتىر بىر نەرسە ئالغىلى بارغاندا دائىم كىچىك كارلنى ئېلىۋالاتتى، ھەم ئۇنىڭغا پۇل تۆلەتتى. ئوغلىمۇ بارغانسېرى كۆزى پىششىپ، ئۆزىنىڭ نەچچە پۇل تۆلەيدىغانلىقىنى، مۇلازىمەتچىنىڭ قانچە پۇل قايتۇرىدىغانلىقىنى تەبىئىيلا ئۆگىنىۋالغانىدى.




بالا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سودا سارىيى ياكى تاللا بازىرىغا كىرىشكە ئادەتلەنگەندىن كېيىن، پۇلغا نەرسە سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېرەك، دېگەنلەرنى بىلىپ، پۇلغا نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. شۇڭا پۇل بىلەن خۇشى يوق بالىلار ئىنتايىن ئاز. كۆزىگە سىڭىش ئارقىلىق بالىلار پۇلنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ. مەسىلەن: قانداق رەڭلىك، قانچىلىك چوڭلۇقتىكى پۇلغا قانداق نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەندەك. ئاتا ـ ئانىلار بۇ ۋاقىتتا، پۇلنىڭ يۈزىگە يېزىلغان سانلار ئارقىلىق بالىغا ساناشنى ئۆگەتسە بولىدۇ. قانداق سان يېزىلغان پۇلغا تېخىمۇ كۆپ نەرسە سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بالىغا دەپ قويسىلا، بالا مەھكەم ئېسىدە ساقلىۋالىدۇ.




# كىمنىڭ پۇلى چوڭ

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 1 ~ 4 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** ھەر خىل قىممەتتىكى پۇللار

**ئويناش ئۇسۇلى**

1. ئۈچ پارچە پۇلنى بىر يەرگە قويۇپ ئارىلاشتۇرىمىز، بالا پۇلنى كىچىكتىن چوڭغا تىزىپ چىقىدۇ.
2. پۇلدىكى ساننى كۆرسىتىپ، بالىغا ئوقۇشنى ئۆگىتىمىز.
3. بالىنى تاللا بازىرىغا ئاپىرىپ، نەرسە سېتىۋالىمىز. بالىغا چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، پۇلنىڭ قىممىتىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# سودا سېتىق

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بىر يۇەنلىك پۇل، 5 يۇەنلىك پۇل، 16 تال كەمپۈت

ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاتا ـ ئانىسى پىركازچىك بولۇپ رول ئالىدۇ. بالىسى پۇل ئېلىپ كېلىپ نەرسە سېتىۋالىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىسى بىر تال كەمپۈتنى ئېلىپ بالىغا، «بىر تال كەمپۈت بىر يۇەن» دەيدۇ. يەنە «5 تال كەمپۈتنى ئېلىشقا 5 يۇەن كېتىدۇ، 10 تال كەمپۈتنى ئېلىشقا 10 يۇەن كېتىدۇ»، دەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۈچ دۆۋە كەمپۈتنى بالىنىڭ ئالدىغا تىزىپ، ئۇنىڭغا تاللىتىدۇ.

3. ئەگەر بالا بىر يۇەنلىك پۇلنى ئالسا، ئاتا ـ ئانىسى بىر تال كەمپۈتنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىدۇ. بالا 5 يۇەنلىك پۇلنى ئالسا، ئاتا ـ ئانىسى 5 تال كەمپۈتنى بالىغا سۇنۇپ بېرىدۇ. بالىغا كەمپۈتنىڭ سانى ئارقىلىق پۇلدىكى ساننىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسىنى چۈشەندۈرىدۇ.



بالىغا پۇلدىكى سان ئارقىلىق ساناشنى ئۆگەتكەندە، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈپ ئەسكەرتىشى، بالىدا پۇلنى ئاسرايدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشى، پۇلنى ياخشى ساقلىشى، پۇلنى تۇتقاندىن كېيىن قولىنى يۇيۇۋېتىشى كېرەك. كىچىكرەك سودا ـ سېتىق سورۇنلىرىغا بارغاندا، ئۇنىڭغا ھېسابات قىلدۇرۇشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا بالا پۇلنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تېز چۈشىنىدۇ ۋە قوشۇش ـ ئېلىشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالىدۇ.



## بالىلارغا تېلېفون ئارقىلىق سان تونۇتۇش




كىچىك كارل ئىككى ـ ئۈچ ياش ۋاقتىدا، سان ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، قىزىقىشمۇ تۆۋەن ئىدى. كارل ۋېتىر ئوغلىنى ئۆگىنىشكە زورلىمايتتى، لېكىن ئۇ ئوغلىغا ماتېماتىكا ئۆگىتەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

كارل ۋېتىر ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئوغلىغا سان ئۆگەتتى، لېكىن ئوغلىنى يەنىلا قىزىقتۇرالماي، ھېچقانچە نەرسە ئۆگىتەلمىدى. كارل ۋېتىر ئۆزىنىڭ باش قېتىنچىلىقنى بىر ماتېماتىكا پروفېسسورىغا دېگەنىدى، ئۇ كارل ۋېتىرنىڭ بۇ باش قېتىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەسلىدە كارل ۋېتىر ئۆزى ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرمەيتتى، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، مۇزىكا، بىيولوگىيە، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئوغلىغا ئۆزى ياخشى كۆرگەن پەنلەرنى ئۆگەتكەندە ھەمىشە خۇشال ھەم جانلىق سۆزلەپ بېرەتتى، لېكىن ئۆزى ماھىر بولمىغان ماتېماتىكىنى سۆزلىگەندە بۇنداق قىلالمىغانىدى. كارل ۋېتىر ئىلگىرى بۇنىڭغا سەل قارىغان ئىدى.

ئۇ سەۋەبنىڭ ئوغلىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كەتتى. كارل ۋېتىر قانداق قىلغاندا ماتېماتىكىنى ئوغلىغا قىزىقارلىق قىلىپ ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىۋالدى. مەسىلەن: ئۇ ئوغلى بىلەن دادۇرنى سويۇپ، سويۇپ بولغان دادۇردىن ئىككىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ بىر نەچچە ئۇلۇشكە بۆلۈپ، ئاندىن ئوغلى بىلەن بىرلىكتە بىر ئۇلۇش بىلەن يەنە بىر ئۇلۇش دادۇرنى ئۆز ئارا قوشقاندىكى ساننى ھېسابلىدى. كىمنىڭ توغرا ھېسابلىغانلىقىغا قاراپ مۇكاپاتلىدى؛ ئوغلى بىلەن شىشخال ئويناپ، ھەر قېتىم تاشلىغان ساننى ساناپ ئۆزئارا قوشۇپ، چوڭ بولغىنى ئۇتقان بولدى. كارل ۋېتىر ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشقا زېھىن كۈچىنىڭ بەك سەرپ بولىدىغىنىنى بىلگەچكە، ھەر قېتىمدا ئون بەش مىنۇتتىن ئاشۇرۇۋەتمىدى، شۇڭا كىچىك كارلدا بىزارلىق تۇيغۇسى شەكىللەنمىدى. تۇرمۇشتىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېسابلاپ ئوينايدىغان ئويۇنلار ئوغلىنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى تېزلا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.




تېلېفون بالىلار ئامراق ئوينايدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا تېلېفوندا 0 ~ 9 غىچە بولغان سانلارنى بالىلارغا ئاسان چۈشەندۈرگىلى ھەم ئۆگەتكىلى بولىدۇ. تېلېفوندا سان تونۇشنى ئۆگەتكەندە، ئويۇنچۇق تېلېفوننى ئىشلىتىش كېرەك. 0 ~ 9 غىچە سانلارنى ئوقۇيدىغان ئويۇنچۇق تېلېفون بولسا تېخى ياخشى. بالا تېلېفون ئۇرۇپ ئويناش جەريانىدا سانلارنى ئۆگىنىۋالىدۇ. كۇنۇپكا ئارقىلىق قايتا ـ قايتا مەشىق قىلىش، بالىنىڭ سانغا بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، ئىنكاسىمۇ بارغانسېرى تېزلىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com






# تېلېفون ئۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئاۋاز چىقىرالايدىغان ئويۇنچۇق تېلېفون

ئويناش ئۇسۇلى

1. دادىسى ياكى ئانىسى ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بالىغا يېزىپ بېرىدۇ، بالا قەغەزدىكى سانلارغا ئاساسەن تېلېفوننى باسىدۇ.

2. نومۇرنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ياكى ئانىسى دەرھال تېلېفوننى ئالىدۇ. بالا ساننى بېسىش جەريانىدا، سانغا ۋە ساننىڭ ئوقۇلۇشىغا نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ، ھەم ئاستا ـ ئاستا پىششىق ئۆگىنىۋالىدۇ.



# تېلېفون نومۇرنى بىرىكتۈرۈشنى ئۆگىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **10 تال كىچىك كارتوچكا، قەلەم**

ئويناش ئۇسۇلى

**1. ئاتا ـ ئانىسى 10 تال كارتىغا 0 ~ 9 غىچە بولغان سانلارنى يېزىپ، ئارىلاشتۇرۇپ بالىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.**

**2. ئاتا ـ ئانىسى ئاۋۋال بالىغا كارتىلارنى 0 ~ 9 غىچە تەرتىپ بويىچە تىزغۇزىدۇ.**



**3. ئاتا ـ ئانىسى يەنە تېلېفوندىكى 0 ~ 9 غىچە سانلارنى تەرتىپ بويىچە يېزىپ، بالىغا تىزغۇزىدۇ.**

**4. ئاتا ـ ئانىسى بىر قاتار تېلېفون نومۇرىنى يازىدۇ، بالا مۇناسىپ سانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇ سانلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ.**



**بالىغا تېلېفون نومۇرى بىلەن سانلارنى تونۇشنى ئۆگەتكەچ، 110، 120، 119 قاتارلىق جىددىي ئەھۋالدا ئۇرۇلىدىغان نومۇرلارنىمۇ ئۆگەتسەك بولىدۇ. بالىغا ماسلىشىپ مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى رول ئالساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بالىغا ساننى مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندە، بالا تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. بىراق چوڭلار ئىشلەتكەن تېلېفوننى خالىغانچە ئۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش زۆرۈر.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تاياقچىدىن پايدىلىنىپ قوشۇش - ئېلىشنى ئۆگىنىش




كارل ۋېتىر ئوغلىغا قوشۇش - ئېلىشنى ئۆگەتكەندە، ئاسان چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپتى. ئۇ ئون تال تاياقچىنى ئېلىپ ئۆگىنىشكە باشلىدى. كارل ۋېتىر بىرتال تاياقچىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا تىزدى، ئاندىن ئوغلى قەغەزگە «1»نى يازدى. كارل ۋېتىر يەنە بىر تال تاياقچىنى بىر تال تاياقچىنىڭ يېنىغا قويدى، ئوغلى قەغەزگە «2»نى يازدى. كارل ۋېتىر ئايرىم يەرگە 3 تال تاياقچىنى قويدى، ئوغلى «3» نى يازدى. ئاندىن كارل ۋېتىر ئوغلىغا جەمئىي قانچە تال تاياقچە ئىكەنلىكىنى ساناتتى. ئوغلى قەغەزگە «5» نى يازدى. ئاندىن كارل ۋېتىر «5 = 3+2» دېگەن قوشۇش ئەملىنى يېزىپ چىقتى. كارل ۋېتىر ئوغلىغا قوشۇش ئەملىنى ھېسابلاشنى پىششىق ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلى قوشۇش ئەملىنىڭ ھېسابلاش پرىنسىپىنى تولۇق چۈشەندى. كېيىن كارل ۋېتىر يەنە تاياقچىدىن پايدىلىنىپ ئوغلىغا ئېلىش ئەملىنىڭ ھېسابلاش قائىدىسىنى ئۆگەتتى.




بىۋاسىتە سان بىلەن بالىغا 2=1+1 نى ئۆگەتسەك، بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن 1 گە 1 نى قوشسا ئىككى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى بەك تەس. سان بالىلارغا نىسبەتەن بىر ئابستراكت نەرسە. ھېساب ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتىن يىراقلاپ كەتكەندە، سان بالىلارغا نىسبەتەن بىر خىل چۈشىنىكسىز ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەگەر بالىلارغا سانلارنىڭ قوشۇش - ئېلىش قائىدىسىنى تېزراق چۈشەندۈرمەكچى بولسىڭىز، مەلۇم نەرسە بىلەن سانني ئىپادىلەش كېرەك. بالىغا قوشۇش ۋە ئېلىش ئەملىنىڭ مەنىسىنى بىۋاسىتە چۈشەندۈرۈشتە، نەرسىنىڭ سانى بىلەن سان ماس كېلىشى، بالىلارغا ساننى نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا قويۇپ نەتىجىسىنى ھېسابلاشنى ئۆگىتىش كېرەك. كارل ۋېتىر تاياقچىدىن پايدىلىنىپ ئوغلىغا قوشۇش، ئېلىشنى ھېسابلاشنى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا ھەم قىزىقارلىق ئويۇن ئارقىلىق ئۆگەتكەنتى.






# بۆلۈپ يېيىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **10 تال گىلاس (ياكى باشقا مېۋە)، ئىككى دانە تەخسە**

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاپىسى پاكىز يۇيۇلغان گىلاسنى بىر تەخسىگە سېلىپ، بالىدىن: « نەچچە تال گىلاس يەيسىز، تەخسىگە ئېلىڭ» دەيدۇ.

2. بالا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپىسى ئۇنىڭدىن: « قانچىنى ئالدىڭىز، ئاپىڭىزغا قانچىسى ئېشىپ قالدى؟» دەپ سورايدۇ.

3. ئاپىسى بالىغا گىلاسنى ئىككى تەخسىگە بۆلگۈزۈپ: «ئاپىڭىزغا بەش تال، سىزگە بەش تال بۆلۈنەتتى، بىراق ئاپىڭىزنىڭ ئۈچ تال يېگۈسى بار، ئۆزىڭىزنىڭ تەخسىسىگە يەنە ئىككىنى سېلىڭ» دەيدۇ.

4. بالا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپىسى يەنە: «سىزنىڭ تەخسىڭىزدە نەچچە تال گىلاس بار؟» دەپ سورايدۇ. مۇشۇنداق ئويۇنلار ئارقىلىق بالىدا ھېسابلاش ئادىتى يېتىلدۈرىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كاتەكچە ئىچىدىكى كىچىك گۈل

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بىر پارچە كارتون قەغەز، بىر نەچچە تال كېسىلگەن قەغەز گۈل

ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاتا (ئانا) كارتون قەغەزگە چوڭ - كىچىكلىكى تەڭ كاتەكچە سىزىپ بېرىدۇ، بالا كىچىك قەغەز گۈللەرنى كاتەكچە ئىچىگە قويىدۇ، ئاندىن زادى قانچە تال كىچىك قەغەزنى كاتەكچىگە قويغانلىقىنى سانايدۇ. بالا سانلارنى تىرناق ئىچىگە يازىدۇ. مەسىلەن :

( ) - ( ) = ( )

2. ئاتا (ئانا) بىر نەچچە تال گۈلنى ئېلىۋالىدۇ. بالا دادىسى ئېلىۋالغان گۈللەرنىڭ سانىنى ئېلىش ئەمىلىنىڭ كەينىدىكى تىرناق ئىچىگە يازىدۇ، ئارقىدىن ئېشىپ قالغىنىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ساناپ چىقىپ، نەتىجىنى تەڭلىك بەلگىسىنىڭ كەينىدىكى تىرناق ئىچىگە يازىدۇ.

بالا سانلاردىن پايدىلىنىپ قوشۇش، ئېلىشنى پىششىق ئۆگىنىۋالغۇچە، قايتا - قايتا مەشىقلەندۈرۈلىدۇ.



بالىغا قوشۇش - ئېلىش ئەمىلىنى ئۆگەتكەندە، ئاۋۋال قوشۇش ئەمىلىنى ئۆگىتىش كېرەك. بالا 10 ئىچىدىكى قوشۇش ئەمىلىنى پىششىق ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن 10 ئىچىدىكى ئېلىش ئەمىلىنى ئۆگىتىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار پۈتكۈل جەرياندا سەۋرچان ۋە ئەستايىدىل بولۇشى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقى، بالىغا ئۆگىتىدىغان ۋاقىت ھەر قېتىمدا ئەڭ ياخشىسى 15 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا بالا ئاسانلا ئويۇندىن زېرىكىپ، قوشۇش - ئېلىشقا بولغان قىزىقىشى يوقاپ كېتىدۇ.



# چەمبىرەك تولدۇرۇپ ھېسابلاش




كارل ۋېتىر ئوغلىغا قوشۇش - ئېلىش ئەمەلىنى تېزراق ئىگىلىتىش ئۈچۈن، ئوغلىغا چەمبىرەك تولدۇرۇش ئويۇنى ئارقىلىق قوشۇش - ئېلىش ئەمەلىنى چۈشەندۈردى. مەسىلەن: كارل ۋېتىر قەغەزگە ئۈچ چەمبىرەك سىزىپ، بىرىنچى چەمبىرەككە ئالتە دانە ئۈچبۇلۇڭ سىزىپ، ئۈچىنچى چەمبىرەككە سەككىز دانە ئۈچبۇلۇڭ سىزاتتى، ئاندىن كارل ۋېتىر ئوغلىدىن ئالتە دانە ئۈچبۇلۇڭغا يەنە قانچە دانە ئۈچبۇلۇڭنى قوشسا سەككىز دانە ئۈچبۇلۇڭ بولىدۇ، دەپ سورايتتى. ئوغلى جاۋابىنى ئىككىنچى چەمبىرەككە تولدۇرۇپ، ساناپ باقاتتى. كارل ۋېتىر ئېلىش ئەمەلىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئالدىدىكى ئىككى چەمبىرەككە شەكىل سىزىپ ئوغلىغا بىرىنچى چەمبىرەكتىكى شەكىللەردىن ئىككىنچى چەمبىرەكتىكى شەكىللەرنى ئېلىۋەتسە يەنە قانچە دانە شەكىل قالىدىغانلىقىنى ھېسابلىتاتتى. كىچىك كارل مۇشۇنداق قايتا - قايتا مەشىق ئارقىلىق، تېزلا قوشۇش - ئېلىش ئەمەلىنى بىلىۋالغانىدى.




قوشۇش - ئېلىش ئەمەلىنى مۇستەھكەملەيدىغان مەشىق ئۇسۇللىرى خېلى كۆپ، بىراق رەسىم چاپلاش ئۇسۇلى بىر قەدەر چۈشىنىشلىك بولۇپ، بالىلار ئاسان چۈشىنەلەيدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار بالىلارغا ھېسابنى رەسىم چاپلاش ئۇسۇلىدا ئۆگىتىدۇ، شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلار ئوقۇشقا كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا ھېساب ئۆگەتمەكچى بولسا، رەسىم چاپلاش ئۇسۇلىنى تاللىسا ياخشى. ھەر خىل قىزىقارلىق شەكىللەر بالىلارنى جەلپ قىلىدۇ، بالىلارمۇ ئاسان ئۆگىنەلەيدۇ.




# مەرمەر ئۇتۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: 2 تەخسە، 10 تال مەرمەر

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) بىلەن بالا بەش تالدىن مەرمەرنى ئالدىغا تىزىدۇ.

2. ئاتا (ئانا) بالا بىلەن «تاش، قايچا» ئوينايدۇ، كىم ئۇتسا شۇ قارشى تەرەپنىڭ تەخسىسىدىن بىر تال مەرمەرنى ئۆزىنىڭ تەخسىسىگە سالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كىمنىڭ تەخسىسىدىكى مەرمەر ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى سېلىشتۇرۇلىدۇ، كۆپ بولغىنى ئۇتقان بولىدۇ.

3. ئاتا (ئانا) ئويۇن جەريانىدا ھەر قېتىمقى مەرمەرنىڭ يۆتكىلىش جەريانىنى ئېيتىپ بېرىپ، بالىلارغا سانلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.



# بېلىق تۇتۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6** ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۈچ دانە داس، **20** تال ئويۇنچۇق بېلىق، بىر قارماق

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئائىلە باشلىقى بارلىق بېلىقلارنى بىر داسقا سالىدۇ.

2. ئاندىن «تاش، قايچا» ئوينايدۇ. كىم يەڭسە شۇ بېلىق تۇتۇشنى باشلايدۇ، ۋاقتى بىر مىنۇت.



3. بىر مىنۇتتىن كېيىن، يەنە بىر ئادەم بېلىق تۇتىدۇ. ئاخىرقى ئىككى ئادەم تۇتقان بېلىق، داستا ئېشىپ قالغان بېلىقنى سانايدۇ. كىمنىڭ تۇتقىنى كۆپ بولسا شۇ ئۇتقان بولىدۇ، ھەم كېيىنكى قېتىملىق بېلىق تۇتۇشتا بىر مىنۇت قوشۇپ بېرىلىدۇ.



سان ساناش ۋە سانلارنى ھېسابلاش قائىدىلىرى بالىنىڭ زېھني كۈچىنى خورىتىۋېتىدۇ، ۋاقىت ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، بالا تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ماتېماتىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىنىڭ روھىي ھالىتى ئەڭ ياخشى پەيتنى تاللىغاندا، ھەم بالىنى ماختىغاندا، بالا ئاسانلا ماسلىشىدۇ. بىراق بالىنىڭ روھىي ھالىتى ياخشى بولمىغاندا، پەقەت سان ساناش ئويۇنىنىلا كۆڭۈللۈك ئوينايدۇ، بۇنداق چاغدا بالىنى ماتېماتىكا بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 3 - بۆلەك

## ماتېماتىكا تەربىيەسى

### 3. بالىلار قىزىقارلىق ماتېماتىكا ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ

ماتېماتىكا ئۆگىنىش كىشىلەرگە مەنىسىز، زېرىكىشلىك تۇيغۇ بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئويۇنغا تازا ئامراق ۋاقتى، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىسا، بالىدا قارشىلىشىش پسىخىكىسى پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىدا يالغان سۆزلەش، ھورۇنلۇق، قوپاللىق دېگەندەك تېخىمۇ كۆپ يامان ئادەتلەر پەيدا بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىسىغا ماتېماتىكا ئۆگەتكەندە نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ماتېماتىكىنى مەنىسىز، قىزىقارلىق بولمىغان شەكىللەردە ئۆگىتىدۇ. ماتېماتىكا ئۆگىتىشنىڭ نۇرغۇن قىزىقارلىق ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار بالىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدۇ، ئۆگىنىش سۈپىتىمۇ بەك يۇقىرى بولىدۇ.





## زورلاپ يادلىتىش بالىنى ماتېماتىكىدىن زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ




كارل ۋېتىر باشقا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سان، فورمۇلا ياكى قائىدىلەرنى ئۆگەتكەندە، بىر خىل «تېز» ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى، ئۇ باللارنىڭ بىر نەچچە سان ياكى بىر نەچچە جۈملىلىك قائىدىلەرنى ئەستە تۇتالمىغانلىقتىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەنبىھ ياكى تەنقىدىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەندە ئاشۇ باللار ئۈچۈن ئازابلىناتتى. شۇڭا ئۇ كىچىك كارلغا بەزى نەرسىلەرنى يادلاتقاندا مەجبۇرلىمايتتى. كارل ۋېتىر مەجبۇرلاشنى يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ سەۋەبى، دەپ قارايتتى. ئۇ ئوغلىغا بەزى ھېسابلاش قائىدىلىرىنى يادلىتىپ سىناپ باققان، ئوغلى بارغانسېرى قاچىدىغان، ماتېماتىكىنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالغان. بەختكە يارىشا ئۇ بۇ ئەھۋالنى بالدۇر بايقاپ، بۇ ئۇسۇلدىن ۋاز كەچكەن.




ناۋادا ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى باللارغا ئۆلۈك ھالدا يادلاتسا، بالىنى يادلاشقا مەجبۇرلىسا، بالا ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇپ، باللارنىڭ ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان تەبىئىتىمۇ يوقايدۇ. بۇ خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى بالىنى ئازابلاپ، ئۆگىنىشكە بولغان ئاكتىپچانلىقىنى يوقىتىدۇ، ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆلۈك يادلاش بىر خىل ئەستە ساقلايدىغان ئادەتكە ئايلانسا، بالىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، تەپەككۇرىنى قاتماللاشتۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى بالا ئۆلۈك يادلىغانلىرىنى جانلىق ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ، شەخسنى كۆزىتىشنى، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. قارىماققا بالا چېچەن ۋە ئەقىللىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆگەنگەنلىرىنى جانلىق ئىشلىتەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






# پېچىنە بۆلۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بىر قاپ پېچىنە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئائىلە باشلىقى قەغەزگە بوۋىسى، مومىسى، دادىسى، ئانىسى ۋە بالىسى دەپ بەش ئادەمنى سىزىدۇ، ئاندىن بۇ بەش ئادەمگە پېچىنە بۆلۈپ بېرىدۇ، بوۋىسىغا 8 تال، مومىسىغا 8 تال، دادىسىغا 8 تال، ئانىسىغا 8 تال، بالىسىغا 5 تالنى بۆلىدۇ.



2. بالىغا ھەربىرىدە قانچە تال پىرەنىك بارلىقىنى سانىتىدۇ. ئاندىن ئائىلە باشلىقى پىرەنىكلەرنى يىغىۋالىدۇ ھەمدە بالىغا قايتىدىن بۆلگۈزىدۇ.

3. بالا ئەگەر توغرا بۆلەلىسە بالىنى مۇكاپاتلاش، بالا ئەگەر توغرا بۆلەلمىسە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ھەرگىزمۇ چوقۇم توغرا بۆلۈشكە مەجبۇرلىماسلىق كېرەك. ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق بۆلگەنلىكىنى سوراش، ئاندىن ئۇنى ياخشى ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

# بوياش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بوياق، ئاق قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

1) ئاتا (ئانا) ئاق قەغەزگە بىر مۈشۈك سىزىدۇ ھەم ئۇنى چىرايلىق، ئوماق قىلىپ بويايدۇ.

2) ئاندىن يەنە بىر ۋاراققا ئوخشاش مۈشۈك سىزىپ، بالىغا ئۆزى بويىغان مۈشۈكنى كۆرسىتىپ، ئاندىن بالىغا بوياتقۇزىدۇ.

3) بالا بوياپ بولغاندىن كېيىن قايسىسىنىڭ چىرايلىق بولغانلىقىنى سېلىشتۇرىدۇ. بۇ بالىنىڭ رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.



4) مۈشۈكنى بالا بىلەن ھەر خىل رەڭلەردە بوياپ، بالىغا رەڭلەرنى خالىغانچە ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، چوقۇم بىر خىل قائىدە بويىچە قىلىش لازىم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.





مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئەستە قالدۇرۇش بالىدا غۇرۇر تۇيغۇسىنىڭ يېتىلىشىگە زىيانلىق. چۈنكى ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىنى مەجبۇرلىغىنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى تارتىۋالغىنى، ئۇنىڭغا تاللاش ھوقۇقى بەرمىگەنلىكى. ئاتا - ئانىلار نوپۇزىنى ئىشقا سېلىپ، بالىنى مەجبۇرلىسا، قورقۇتسا، بالا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، جىمغۇر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىنى مەجبۇرلىماسلىقى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماتېماتىكىدىكى «ئەپسانىۋى ھېكايىلەر» بالىلارنىڭ ئۆگىنىشنى قوزغىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ




كارل ۋېتىر ئوغلىغا ماتېماتىكا ئۆگىتىشنى باشلىغاندا، مەلۇم دەرسنى بەكرەك ياقتۇرىدىغان ئادەت بار ئىدى، بىراق كارل ۋېتىر پىروفېسسور بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەلۇم دەرسكە بەكرەك مايىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تېپىپ، بالىسىنى ماتېماتىكىغا قىزىقتۇردى. كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ ماتېماتىكىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن، ماتېماتىكا بىلىملىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ چۈشەندۈردى. ئوغلى خۇشاللىق ئىچىدە ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

ئوغلى چوڭقۇرراق ماتېماتىكا بىلىملىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىزىقارلىق ماتېماتىكا ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەسىلەن: سان «0» نىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالىم ئارخىمېد، نيۇتون، گائۇس قاتارلىقلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. كىچىك كارل بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە تولاتتى. ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنەتتى.




بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ماتېماتىكا بىر ئابستراكت پەن. ئۇنى بوتانىكا، زوئولوگىيەگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىدىن ئەمەلىي تەسىرات ئېلىپ تۇرۇپ، خۇشال كەيپىياتتا ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بالىنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى ئىزچىل ساقلاش كېرەك، پەقەت بالا ماتېماتىكىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرسە، ماتېماتىكىدا ئارزۇ ـ ئىستەككە تولسا، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان جاسارەت ۋە روھقا ئىگە بولسا، ئاندىن ماتېماتىكىنى ياخشى ئۆگىنىدۇ، بارغانچە ئابستراكتلاشسىمۇ، زېرىكىپ قالمايدۇ. كارل ۋېتىر ماتېماتىكىدىكى ھەقىقىي ھەم كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ھېكايىلەر بىلەن ئوغلىنى جەلپ قىلىپ، قىزىقىشىنى قوزغىدى، بالىسىمۇ ھېكايىلەر ئارىسىدا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.



# نيۇتوننىڭ ھېكايىسى

نيۇتون(1727 ـ 1642) ئەنگلىيە فىزىكا، ماتېماتىكا ئالىمى

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق فىزىكا ئالىمى مىخائىل خارت تۈزگەن «دۇنيادىكى 100 مەشھۇر شەخس» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىنلا تىزىلغان ئىسائاك نيۇتوننىڭ ئالمىنىڭ بېشىغا چۈشكىنىدىن باشلاپ دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچە نۇرغۇنلىغان بايقاشلىرى، كەشپىياتلىرى، تەلىماتلىرى ھەققەتەن ئىلىم ـ پەن ساھەسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە «پەن ۋە دىن بىرلىكتە مەۋجۇت» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ماتېماتىكىنىڭ مۇھىملىقى

ماتېماتىكا بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تاپقان ياكى تاپمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق بىلىملەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بارلىق كەسىپلەرنىڭ ئانىسى ھەم ئاتىسىدۇر. ئىتالىيەنىڭ ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ھەم نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى گاللىي مۇنداق دەيدۇ: «ماتېماتىكا بىلمەي تۇرۇپ دۇنيانى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس»، گېرمانىيەنىڭ ئۇلۇغ ماتېماتىكا ھەم فىزىكا ئالىمى گائۇس مۇنداق دەيدۇ: «ماتېماتىكا ئىلىم-پەننىڭ پادىشاھىدۇر». ئىلىم-پەن ئالىملىرى نەزىرىدە ماتېماتىكىغا سەل قارىغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز كەسپىدە ئالاھىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ماتېماتىكىسىز ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇرۇن ماتېماتىكىنىڭ بىيولوگىيەدە قوللىنىلىشى نۆلگە تەڭ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بىراق ھازىر بىيولوگىيە ساھەسى ماتېماتىكىنى ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ساھەگە ئايلاندى. ھەتتا بىيولوگىيەلىك ماتېماتىكىمۇ بارلىققا كەلدى.



بالىلارنى ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بالىنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش. ماتېماتىكىغا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان، ھەربىر سىرنى تېپىش بالىغا چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە بالا ئۇچراتقان شەيئىلەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن بىلىش ئارزۇسى بەك كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن باشقا يەنە بالىنى چوڭقۇر تەپەككۇر ئارقىلىق ماتېماتىكىلىق بىلىملەرگە جاۋاب بەرگۈزۈش بالىنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.



## بىر تەرەپتىن ئويۇن ئويناپ، بىر تەرەپتىن ماتېماتىكا ئۆگىنىش




كىچىك كارل دادىسى بىلەن ئويۇن ئويناشقا ئامراق ئىدى، كارل ۋېتىر ھەر خىل ئويۇنلار ئارقىلىق ئوغلىغا ماتېماتىكا ئۆگەتتەتتى. شۇڭلاشقا كىچىك كارل ئۆزىمۇ سەزمەيلا پۇختا ماتېماتىكا ئاساسىغا ئىگە بولغان. دەسلەپتە كارل ۋېتىر ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ شەشخال ئېتىپ ئوينىدى. كارل ۋېتىر ئىككى تال شەشخالنى ئېتىپ ئايلاندۇرغاندا ئوغلى كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ئۇلار يەرگە ئاتقان ئىككى شەشخالنىڭ ئۈستىدىكى چېكىتنىڭ سانىنى قوشۇپ، كىمنىڭ جىق چىقسا، شۇ ئۇتىدىغان بولۇپ ئوينىدى. مەسىلەن: ئەگەر ئىككى شەشخالنىڭ بىرسىنىڭ 4 چېكىت بار تەرەپ ئۈستىگە قارىسا، يەنە بىرسىنىڭ 2 چېكىت بار تەرەپ ئۈستىگە قارىغان بولسا، 6 نومۇر ئالغان بولىدۇ. نۆۋەت بويىچە ئۈچ قېتىم ئاتىدۇ. ئۈچ قېتىمدىكى ئومۇمي نەتىجىسى كىمنىڭ كۆپ بولسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. كىچىك كارل ھەر قېتىم ئۇتۇۋالغاندا، خۇشاللىقىدىن چىرقىراپ كېتەتتى، ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسا دادىسىنى تارتىپ داۋاملىق ئوينايتتى. كېيىن كارل ۋېتىر ئۈچ شەشخال بىلەن ئوينايدىغان بولدى، ئاخىرىدا شەشخالنىڭ سانى ئالتىگە يەتتى.




«ماتېماتىكا ئۆگىنىش» بىلەن «ئويۇن ئويناش» نىڭ قايسىسىنى تاللايسەن دېسە «ئويۇن ئويناش» نى تاللايدىغان بالا بولمىسا كېرەك. باللار نەزەرىيەۋى ماتېماتىكا ئۆگىنىشنى ياقتۇرمايدۇ. قىزىقارلىق ئويۇنلار بالىنى جەلپ قىلىدۇ. بالىنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەندىمۇ ئاتا - ئانىلار بالا بىلەن ئوينىسا خۇشال بولىدۇ، ئۇخلىماسلىققا رازى بولىدۇكى، ئويۇن ئويناشنى رەت قىلمايدۇ. بالا زېھنى ئوچۇق ۋاقىتتا ئويۇن مەزمۇنلىرىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. ئويۇن جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان بولسا بالىنىڭ ئىنكاسى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ. بالىنى كۆپ كاللا ئىشلىتىپ، كۆپ قول سېلىشقا يېتەكلەش ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى ئويۇن بىلەن بىرلەشتۈرگەندە بالا «ئۆگىنىش» قىلغاندەك بولمايدۇ ھەم زېرىكمەيدۇ. بالا ئويۇن ئويناۋاتىمەن دەپ قارىسىلا چوقۇم ئىزچىل ياخشى كەيپىياتنى ساقلىيالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# مېۋە ساتقۇچى بولۇش

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 4 ~ 6 ياش

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** ئالما، ئاپېلسىن، نەشپۈت، تارازا

**ئويناش ئۇسۇلى**

1. ئاتا (ئانا) مېۋە ساتقۇچى، بالا خېرىدار بولىدۇ.

2. بالا كېلىپ «مەن بىر تال ئالما ئالاتتىم» دەيدۇ، ئاتا (ئانا) تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ئالمىنى، يەنە بىر تەرىپىگە تارازا تېشىنى قويۇپ، ئىككى تەرىپى تەڭپۇڭ بولغاندا تارازا تېشىنىڭ گىرام سانىنى ھېسابلاپ بالىغا پۇل تۆلەڭ، دەيدۇ.



3. بىر نەچچە قېتىم ئاشۇنداق ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئاتا (ئانا) بىلەن بالا ئورنىنى ئالماشتۇرىدۇ، يەنى بالا مېۋە ساتقۇچى، ئاتا (ئانا) خېرىدار بولىدۇ.

4. ئاتا (ئانا) «ئىككى تال ئاپېلسىن ئالاتتىم» دەيدۇ، ياكى «ئۈچ تال نەشپۈت ئالاتتىم» دەيدۇ، بالا ئاپېلسىن ياكى نەشپۈتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلايدۇ، ئائىلە باشلىقى يېنىدا تۇرۇپ كۆرسەتمە بەرسە بولىدۇ.

ئويۇن دېگەن بەرىبىر ئويۇن. ئاتا - ئانىلار ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن بالىغا ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئويۇن ئويناشمۇ بىر خىل ئۆگىنىش، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئەقىللىق بولىدۇ. ئۇلار ئويۇننى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى ئۆزىمۇ بىلمەيلا ئىگىلەپ قالىدۇ.



# ئويۇن ئىچىدىكى كۆپەيتىش ئەملى




بىر كۈنى كارل ۋىتېر بىر قاچا سېرىق پۇرچاقنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا تىزدى. ئوغلى دادىسىنىڭ ئۆزى بىلەن قىزىقارلىق ئويۇن ئوينىمايدىغانلىقىنى بىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن قاراپ تۇردى. كارل ۋىتېر پۇرچاقلارنى كۆپەيتىش كەررەسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلدى. ئاندىن ئوغلىغا ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكى پۇرچاقلارنى ساناتقۇزدى، ھەم نەتىجىسىنى قەغەزگە يازغۇزدى. كارل ۋىتېر ئوغلىنىڭ ئېسىدە مەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن، نەتىجىسىنى ئوغلى ئاسان كۆرەلەيدىغان يەرگە چاپلاپ قويدى. ئوغلى ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈپ، كۆپەيتىش ئەملىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالدى. كارل ۋىتېر بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئوغلىغا مۇرەككەپ كەررەلەرنى تەبىئىيلا بىلدۈردى.




ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار ئەنئەنىۋى مائارىپ شەكلىدىكى ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. كارل ۋىتېرنىڭ ئوغلىنى تەربىيەلەش ئۇسۇلى قىزىقارلىق بولۇپلا قالماي، يەنە چۈشىنىشلىك بولۇپ، باللارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر ئادىتىگە ماس كېلىدۇ. بارلىق ئاددىي ھەم قىزىقارلىق نەرسىلەرنى باللار ئاسان چۈشىنىدۇ ھەم قىزىقىدۇ. مۇرەككەپ، زېھنى كۈچ كۆپ كېتىدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرنى ئۆگەتكەندە ئاددىي ۋە قىزىقارلىق بولۇش دېگەن ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىغا كەررە ئۆگەتكەندە قانداق قىلغاندا چۈشىنىشلىك ھەم قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەننى ئويلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com






# ئاسلان

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم دوسكىسى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) قاتار ئولتۇرغان ئىككى ئاسلاننى سىزىپ، بالىغا: «ئىككى ئاسلان بىر سىزىقتا ئولتۇرۇپتۇ، بۇ ئىككى كەررە بىر ئىككى بولىدۇ» دەيدۇ.

2. ئاتا (ئانا) ئىككى ئاسلاننىڭ ئاستىغا يەنە ئىككى ئاسلان سىزىدۇ، ئاندىن ئاسلانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بالىغا: «تۆت ئاسلان ئىككى سىزىقتا ئولتۇرىدۇ، بۇ ئىككى كەررە ئىككى تۆت بولىدۇ» دەيدۇ.



3. ئاتا (ئانا) ئاستىغا يەنە ئىككى ئاسلاننى سىزىپ بالىغا: «ئالتە ئاسلان ئۈچ سىزىقتا ئولتۇرىدۇ، ھەربىر سىزىقتا ئىككىدىن ئاسلان بار، بۇ ئىككى كەررە ئۈچ ئالتە بولىدۇ» دەيدۇ.

4. ئاتا (ئانا) تۆتىنچى قاتار ئاسلاننى سىزىپ بالىغا: «ھازىر سەككىز ئاسلان تۆت سىزىقتا ئولتۇرىدۇ، سىز قانداق سۆزلەشنى بىلەمسىز؟» دەپ بالىنى جاۋابىنى تېپىشقا يېتەكلەيدۇ.

# چىلاننى بۆلۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تۆت تەخسە، بىر نەچچە تال چىلان

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) ئىككى تال چىلاننى بىرىنچى تەخسىگە سېلىپ، بالىدىن ئەگەر ھەربىر تەخسىگە ئىككىدىن چىلان سالسا، ئۇنداقتا قانچە چىلان كېتىدۇ، دەپ سورايدۇ.

2. بالا چىلاننى تەخسىگە سېلىپ، ساناپ باقسا بولىدۇ.

3. ئارقىدىن ئاتا (ئانا) 3 تال چىلاننى بىرىنچى تەخسىگە سېلىپ، داۋاملىق بالىدىن ئەگەر ھەربىر تەخسىگە 3 تىن چىلان سالسا، ئۇنداقتا جەمئىي قانچە چىلان كېتىدۇ، دەپ سورايدۇ.

4. بىر نەچچە قېتىملىق مەشىق ئارقىلىق بالىغا تەخسە بىلەن چىلان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ، بالىنىڭ مەنىسىز ھېس قىلماسلىقى ئۈچۈن، بىرتەرەپتىن يېگەچ، بىر تەرەپتىن ئوينىسا بولىدۇ.





بالىغا كۆپەيتىشنى ئۆگىتىش قوشۇش - ئېلىشنى ئۆگىتىشتىن تەسرەك، شۇڭا ئاتا - ئانىلاردا يېتەرلىك سەۋرچانلىق بولۇشى، مۇلايىملىق بىلەن بالىغا كۆپەيتىش ئەمەلىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# 3 - بۆلەك

# ماتېماتىكا تەربىيەسى

## 4. تۇرمۇش ماتېماتىكىلىق بىلىملەر بىلەن تولغان

ماتېماتىكا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە مەنىسىز، ئۇششاق - چۈششەك سانلار دۆۋىسى. بالا ماتېماتىكا ئۆگىنىۋاتقاندا، كۆپىنچە مەجبۇرىي ھالدا ئۆگىنىدۇ، بەزى ۋاقىتتا جىلە بولۇپ يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتكۈسى كېلىدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا ئامالسىز قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ماتېماتىكا ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ماتېماتىكىلىق بىلىملەر تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە قىسمىغا سىڭىپ كەتكەن، ھەم كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك رەڭدارلىققا تولغان.





# يوپۇرماقلاردىكى ماتېماتىكا بىلىملىرى




كارل ۋېتىر دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئوغلىغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، يېنىك شامال چىقىپ، بىر نەچچە تال يوپۇرماق چۈشتى. كارل ۋېتىر ئوغلىدىن: «يوپۇرماقنىڭ بەزىلىرى ئاستا چۈشتى، بەزىلىرى تېز چۈشتى، نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. ئوغلى بېشىنى چايقىدى. كارل ۋېتىر يەنە يەردىن كىچىك بىر يوپۇرماقنى ئېلىپ، ئاندىن ئوغلىنىڭ قولىدىكى چوڭراق يوپۇرماقنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى يوپۇرماقنى ئوخشاش ئېگىزلىكتە تۇتۇپ، تاشلىدى، كىچىك يوپۇرماق تېزلا يەرگە چۈشتى، چوڭ يوپۇرماق لەيلەپ ـ لەيلەپ ئاستا يەرگە چۈشتى. بۇ ئوغلى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان مەسىلە بولغاچقا، ئىنتايىن سىرلىق تۇيۇلدى ـ دە، يەردىن يوپۇرماق تېرىپ، ئوخشاش ئېگىزلىكتىن يەرگە تاشلىدى. ئوغلى بىر ھازا ئوينىغاندىن كېيىن كارل ۋېتىر: «ئەمدى نېمىشقا بەزى يوپۇرماقلارنىڭ تېز، بەزىلىرىنىڭ ئاستا چۈشىدىغانلىقىنى بىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئوغلى «چوڭ يوپۇرماقلار ئاستا چۈشىدىكەن، كىچىك يوپۇرماقلار تېز چۈشىدىكەن» دېدى. كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاددىي قىلىپ، تارتىش كۈچى، جىسىم يۈزىنىڭ قارشىلىققا ئۇچرىشى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈردى. ئوغلى ئەمەلىيەتنى كۆرگەچكە، ئاسانلا تارتىش كۈچى، جىسىم يۈزىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدى.




يوپۇرماقنىڭ يەرگە چۈشۈشىدىن بىلىۋالىدىغان بىلىم پەقەت تارتىش كۈچىلا ئەمەس. بالا ھەقىقەتەن تارتىش كۈچى ھەققىدىكى بىلىمنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. يۇز گېئومېترىيەلىك شەكىللەر ئىچىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنىڭ بىرى. ئاتا ـ ئانىلار توغرا يېتەكچىلىك قىلالىسىلا، بالا يوپۇرماقنىڭ يەرگە چۈشۈشىدىن تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئىگىلىۋالالايدۇ. مەسىلەن: شامال، ئېغىرلىق، چوڭ ـ كىچىكلىك، ئارىلىق، قارشىلىق قاتارلىقلار. بالا كۆپرەك تەپەككۇر قىلسا، ئۇنىڭ زېھنى، بىلىشى، تەسەۋۋۇر كۈچى تېز تەرەققىي قىلىدۇ. ماتېماتىكىدىكى بەزى بىلىملەر ئۇلۇك بولىدۇ، بىراق بۇ بىلىملەر تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، جانلىق، قىزىقارلىق بولىدۇ. پەقەت ئاتا ـ ئانىلار كۆڭۈل قويسىلا ھەممىلا يەردىن بالىغا ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىشنىڭ ياخشى مىساللىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com








# كۆپۈكچە پۈۋلەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئىككى تال مازغاپ پۈۋلىگۈچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئويۇن پرىنسىپى: بىر قېتىمدا پەقەت بىر كۆپۈكچە پۈۋلەيدۇ، كىمنىڭ كۆپۈكچىسى ئاخىرىدا يەرگە چۈشسە شۇ يەڭگەن بولىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار كۆپۈكچىنى باشتا كىچىك قىلىپ پۈۋلەيدۇ، ئاخىرىدا چوڭ پۈۋلەيدۇ، ھەم بالىغا كۆپۈكچىنىڭ يەرگە چۈشۈشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنىڭ ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىقىنى ھېس قىلغۇزىدۇ.



# قارتىدا پىرامىدا تىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **قارتا**

ئويناش ئۇسۇللىرى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن قارتىدىن ئۆي تىزىپ ئوينايدۇ، كىم ئېگىز تىزالىسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ.

2. بالا قارتىدىن ئۆي تىزىشنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن ئۈچ تال قارتىدىن بىر ئۈچبۇلۇڭ ياساپ، بىر ـ بىرىگە يۆلەپ، ئاندىن يەنە بىر نەچچە قارتىن ئۈچبۇلۇڭلارنى ياساپ، ئاندىن ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ ئۈستىگە قارتىنى ياتقۇزۇپ، بىر تۈز تەكشىلىك ھاسىل قىلىپ، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە قارتا تىزىپ ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرسە بولىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىلار ئۈلگە كۆرسەتكەندە سەۋرچان بولۇپ، بالىنىڭ قارتا تىزىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ماسلىششى كېرەك.





تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا يېرىگە ماتېماتىكىلىق بىلىملەر يوشۇرۇنغان. نيۇتون يەرگە چۈشكەن ئالمىدىن يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. ئادەتتىكى ئىشلاردىن پايدىلىنىپ، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ھەم مەسىلىنى تەھلىل قىلىشقا باشلاش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالا بۇرۇن دىققەت قىلمىغان مەسىلەرنى تەھلىل قىلىپ باقىدۇ، ھەم بۇ مەسىلەر بالىنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى ۋە قىزىقىشىنى كۈچەيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## قايىسى ئېغىر




كارل ۋېتىر ئىككى قولىغا بىر تالدىن ئالمىنى ئېلىپ، ئوغلىدىن: «قايىسىنى يەيسەن؟» دەپ سورىدى. ئوغلى سول قولىدىكى ئالمىنى كۆرسىتىپ: «بۇنى يەيمەن» دېدى. كارل ۋېتىر: «نېمىشقا بۇنى تاللىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئوغلى: «چۈنكى ئۇ چوڭ» دەپ جاۋاب بەردى. كارل ۋېتىر: «مۇنداق بولسۇن. سەن قايىسى ئالمىنىڭ ئېغىر، قايىسى ئالمىنىڭ يېنىك ئىكەنلىكىنى تېپىپ باق، توغرا تاپالىساڭ مەن چوڭىنى ساڭا بېرىمەن» دېدى. ئوغلى بىر هازا تۇرۇپ كېتىپ، قايىسىسىنىڭ يېنىك، قايىسىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى قانداق ئايرىشنى بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كارل ۋېتىر قوش پەللىلىك تارازا ئەكېلىپ، ئىككى ئالمىنى تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سالدى. چوڭ ئالما سېلىنغان تەرەپ بېسىپ كەتتى. بۇ چاغدا كارل ۋېتىر ئوغلىدىن: «ئەمدى قايىسى ئالمىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا ئوغلى: «چوڭ ئالما ئېغىر» دەپ جاۋاب بەردى. كارل ۋېتىر «ئوخشاش خىلدىكى نەرسىنىڭ قايىسىسى چوڭ بولسا شۇ ئېغىر بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى. كېيىن كارل ۋېتىر ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تۆمۈر توپ بىلەن ئەينەك توپنى ئېلىپ، ئوغلىدىن قايىسىسىنىڭ يېنىك، قايىسىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئوغلى ئىككىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈپ، «ئېغىرلىقى ئوخشاش» دەپ جاۋاب بەردى. كارل ۋېتىر ئوغلىغا ئىككى توپنى قولىغا ئېلىپ ئېغىر - يېنىكلىكىنى ئايرىپ بېقىشقا بۇيرۇدى، ھەم «ئىككىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش، لېكىن بىر خىل نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئېغىرلىقىنى ئوخشاش دېگىلى بولمايدۇ، چوقۇم ئۆزى سىناپ باققاندا ئاندىن ئېغىر - يېنىكلىكىنى ئايرىغىلى بولىدۇ» دېدى. كېيىن ئوغلى دائىم ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ، ئېغىر - يېنىكلىكىنى سېلىشتۇرىدىغان بولدى. ئاستا - ئاستا ئوخشىمىغان نەرسىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولسىمۇ ئېغىرلىقىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدى، ۋە قايىسىسىنىڭ ئېغىر، قايىسىسىنىڭ يېنىك ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدىغان بولدى.




جىسىملارنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى چۈشىنىشتە، بالىنىڭ تونۇشىنى كۈچەيتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىغا ئېغىرلىق بىلەن ئوخشىمىغان جىسىملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ھەجىمنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تەسىرىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ بىلدۈرۈش كېرەك. شۇڭا ئاتا - ئانىلار ئەتراپتىكى بۇيۇملارنى مىسال ئېلىپ، بالىغا ئېغىرلىقنى بىلدۈرۈش ھەم ئاددىيراق، چۈشىنىشلىك بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈپ مېڭىشى لازىم.




# سۇ يۆتكەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئىككى چېلەك، سۇ، چۆمۈچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) بىر چېلەككە لىق سۇ قۇيۇپ، يەنە بىر چېلەكنى سۇ قۇيغان چېلەكتىن ئۈچ مېتىر يىراق جايغا قويىدۇ، چۆمۈچنى سۇ قۇيۇلغان چېلەكنىڭ يېنىغا قويىدۇ.



2. بالىنى ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن چېلەكتىكى سۇنى يەنە بىر چېلەككە يۆتكەشكە بۇيرۇيدۇ.

3. بالا چېلەكنى كۆتۈرەلمەي، قانداق ئۇسۇل بىلەن سۇنى يۆتكىسە بولىدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئاتا (ئانا) ئەتەي چۆمۈچنى ئېلىپ بالىغا سۇ ئىچكەن ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئەگەر بالا چۆمۈچتىن پايدىلىنىپ سۇ يۆتكەشنى ئويلاپ تاپسا، بۇ بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر بالا تاپالمىسا، ئاتا (ئانا) ئالدىراپ كەتمەي، بالا چۆمۈچ بىلەن سۇ يۆتكەشنى ئويلاپ تاپقۇچە، داۋاملىق كۆرسەتمە بېرىدۇ.

# تېپىپ بېقىڭ

ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئېغىرلىقى ئەتكىلى بولىدىغان يەشىك، چوڭ ئەينەك شار، پاختا، كىچىك قاچا قاتارلىقلار ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاتا (ئانا) نەرسىلەرنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ھەممە نەرسىنى بالىغا كۆرسىتىدۇ.

2. ئارقىدىن بالىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېتىپ، بىر نەرسىنى قەغەز يەشىكنىڭ ئىچىگە سېلىپ، باشقا نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن قەغەز يەشىكنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىچىدىكىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تاپقۇزىدۇ.

3. بالا تاپالمىسا داۋاملىق تاپىدۇ، تاپالىسا، بالا نەرسە ئالماشتۇرىدۇ. ئاتا (ئانا) تاپىدۇ.



بالىغا ھەر خىل جىسىملارنىڭ ئېغىرلىقنى ئۆگەتكەندە، بالىنىڭ بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىش، ئەڭ ياخشىسى قوش تەخسىلىك تارازا ياكى گىر ئارقىلىق ئېغىرلىقنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. يەنە ئوخشىمىغان جىسىملارنىڭ ئوخشاش ھەجىمدىكى ئېغىرلىقنى قەغەزگە يېزىپ، بالا ئاسان كۆرەلەيدىغان يەرگە چاپلاپ، بالىنىڭ ئېغىرلىققا بولغان تونۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ھەممە يەردە گېئومېترىيەلىك شەكىللەر بار




كارل ۋېيتر دائىم ئۇچرىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئوغلىغا قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى دېگۈزەتتى. مەسىلەن: كارل ۋېيتر ئوغلىنى ئېلىپ سىرتتا سەيلە قىلىۋاتقاندا، ئاسماندىكى بۇلۇتنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن: «ئاۋۇ بۇلۇت نېمىگە ئوخشايدىكەن؟» دەپ سورايتتى، يول بويىدىكى ئەخلەتدانىنى كۆرۈپ: «ئاۋۇ ئەخلەتدان نېمىگە ئوخشايدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنى تاپالامسەن؟» دەپ سورايتتى. كارل ۋېيتر دائىم ئوغلىغا ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى سۆزلەتتى. ئۆيگە كەلگەندە ئوغلىغا بۈگۈن كۆرگەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەخمىنىي شەكلىنى سىزغۇزاتتى، ئوغلىمۇ سىزىشقا ئامراق ئىدى. ئوغلى تونۇيدىغان شەكىللەر كۆپەيگەندىن كېيىن، ھەرخىل شەكىللەرنى ئوخشاشمىغان جايلاردا ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. مەسىلەن: ئۆي سالغاندا قايسى شەكىللەر ئەڭ ماس كېلىدۇ، كۆۋرۈك سالغاندا قايسى شەكىللەر ئەڭ ماس كېلىدۇ، دېگەندەك.




ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەكلى بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئاجايىپ - غارايىپ بولسىمۇ، يەنىلا ھەر خىل گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنىڭ، يەنى ھەر خىل چەمبەر، ئېللىپس، تۆت تەرەپلىك، ئۈچبۇلۇڭ، كۆپ تەرەپلىك دېگەندەك شەكىللەرنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بالىلارغا بۇ شەكىللەرنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىغا شەكىلنىڭ مۇھىملىقىنى، ئومۇمىيلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، گېئومېترىيەگە ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# ھايۋان ياساش

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 4 ~ 6 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** قەلەم، قەغەز

**ئويناش ئۇسۇلى**

1. ئاتا (ئانا) بالا بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ، ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ھايۋانلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى سىزىپ چىقىدۇ.

2. كىمنىڭ سىزغىنىنىڭ چىرايلىق بولغانلىقىغا قاراپ، يېڭىش ـ يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ.



# چەمبىرەك سىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەلەم، قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) ئاۋۋال ئىككى قەغەزگە بىر چوڭ چەمبىرەك سىزىپ، ئاندىن بالىغا ئويۇن ئويناش قائىدىسىنى دەپ بېرىدۇ.

2. ئويۇن قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ: چوڭ چەمبىرەكنىڭ ئىچىگە كىچىك چەمبىرەك سىزىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە بىر چەمبىرەك سىزىدۇ، ئىككى چەمبىرەك تەگ بولۇپ قالسا بولمايدۇ. كىم كۆپ چەمبىرەك سىزغان بولسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

3. ئويۇن ۋاقتىدا، قارشى تەرەپنىڭ سىزغىنىنى كۆرۈشكە بولمايدۇ.





بالىغا ھەر خىل شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىشتە، ئاتا ـ ئانىلار ئىمكانقەدەر ھەقىقىي جىسىمنى كۆرسىتىپ تەھلىل قىلدۇرۇشى كېرەك. بالا چۈشەنمىسە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# ماتېماتىكىدا ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئويۇنلار كەم بولسا بولمايدۇ




بىركۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى. كىچىك كارل دېرىزىدىن يامغۇردا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا قاراپ دادىسىغا: «دادا قارا، ئۇ قۇشلار نېمىدېگەن بىچارە، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىزنىڭكىدەك ئۆيى بولغان بولسا يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتمەيتتى» دېدى. كارل ۋېتىر ئاڭلاپ كۈلۈپ: «ئەمىسە قۇشلارغا ئۇۋا ياساپ بەر» دېدى. كىچىك كارل ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، «بولىدۇ، ماقۇل» دېدى. كىچىك كارل دادىسى بىر ئىشنى دېگەن ھامان دەرھال قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى.

كىچىك كارل تېزلا بىر ئۇۋىنى ياساپ بولدى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار ھويلىدىكى چوڭ دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى. دەرەخ بەك ئېگىز ئىدى، لېكىن قانداقلا قىلمىسۇن ئۇۋىنى دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىش كېرەك ـ تە. شوتا بىلەن چىقىپ ئورناتسا بولىدۇ، لېكىن ئۇنداق قىلىش خەتەرلىك. كارل ۋېتىر ئوغلىدىن: «سېنىڭ قانداق ياخشى ئامالىڭ بار؟» دەپ سورىدى. كىچىك كارل دەرەخنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئويلىنىپ باقتى، لېكىن ياخشى ئامال تاپالمىدى. كارل ۋېتىر بىر چەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ: «ئۇنى ئىلىپ قويساقمۇ بولىدىكەن» دېدى، ئوغلى ئاڭلاپلا كاللىسىغا بىر ئوي كەلدى ـ دە، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇزۇن بىر تانىنى ئەپچىقىپ، دادىسىغا تانىنىڭ بىر ئۇچىغا ئۇۋىنى چىڭ چىگىپ، ئاندىن تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ دېگىنى بويىچە نەچچە قېتىم تانىنى دەرەخكە تاشلىغان بولسىمۇ، ئېگىز شاخقا ئىلىندۇرالمىدى. كىچىك كارل تانىنى تۈتقىنچە يەنە ئويلاندى. ئۇ خىش پارچىسىنى تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا باغلاپ، دادىسىنىڭ قايتا سىناپ بېقىشىنى ئېيتتى. كارل ۋېتىر بىر ئېتىپلا ئىلىندۇردى ۋە ئۇۋىنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، ئوغلىنى قاتتىق ماختىدى. ئەلۋەتتە كارل ۋېتىر بۇنداق قىلىشنى بىلەتتى. ئەمما ئۇ ئوغلىنى كۆپرەك ئويلاندۇرۇش ئۈچۈن، قەستەن بىلمىگەن سياقتا كىرىۋالغانىدى.




ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئويۇنلار بالىنىڭ يېتىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ماتېماتىكا بىلىمى بار. بالىغا ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئويۇنلارنى كۆپ ئوينىتىش ماتېماتىكىلىق مىساللارنى ئىشلىگەندىن ياخشىراق. بۇنداق ئويۇنلار ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىقتىدارنى چېنىقتۇرۇش ھەم ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ بىر خىل قورالى. ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق بالىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىش ئىقتىدارى، شەيئىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، تەھلىل قىلىش ۋە پىلانلاش ئىقتىدارىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، يەنە ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى ئىگىلەشكە چوڭ ياردىمى بولىدۇ.








# قانداق شەكىل تېز دومىلايدۇ؟

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك توپ، يېرىم شار شەكىللىك نەرسە، كۆپ قىرلىق ئەينەك شار (ياكى يەتتە تەرەپلىكتىن يۇقىرى شەكىلدىكى نەرسىلەر)، كىۋادرات شەكىللىك، ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك نەرسە.

ئويناش ئۇسۇلى

1. بۇ نەرسىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا يانتۇ يەردىن دومىلىتىمىز.
2. بالا قايسى نەرسىنىڭ تېز، قايسىسىنىڭ ئاستا دومىلايدىغانلىقىنى ئايرىيدۇ.
3. ئاندىن دومىلاش سۈرئىتىنىڭ تېز - ئاستىلىقى بويىچە رەتكە تۇرغۇزىدۇ.

بالا بۇنىڭدىن قايسى شەكىلدىكى نەرسىلەرنىڭ تېز، قايسى شەكىلدىكى نەرسىلەرنىڭ ئاستا دومىلايدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# سان تىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سەرەڭگە تېلى (پىلتىكۈچ)

ئويناش ئۇسۇلى

بالىغا سەرەڭگە تېلى بېرىپ، 1 ~ 9 غىچە بولغان سانلارنى تىزغۇزىمىز.

تىزغىنى سانغا ئوخشىسىلا بولىدۇ، بەك قاتتىق تەلەپ قويۇۋالماسلىق كېرەك.



ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، ئامال بار ھەممە باسقۇچنى بالىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغۇزۇشى، ئالدىراپ بالىغا دەپ بەرمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بەك جىق دەپ بەرسە، بالا ئەقىل ئىشلەتمەي، ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەم ئىشەنچى ۋە غەيرىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

# كۆبىك تىزىشقا نۇرغۇن ماتېماتىكىلىق بىلىملەر يوشۇرۇنغان




كارل ۋېيتىر ئوغلى بىلەن بىللە كۆبىكتا ئۆي تىزىپ ئويناۋېتىپ، ئاستا تىزغاچ، ئوغلىنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇرىنى كۆزىتەتتى. كىچىك كارل ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە كەلگەندە تۇيۇقسىز قانداق قىلىشنى بىلەلمەي توختاپ قالدى. دادىسى: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى.

كىچىك كارل بىر قىزىل سىلىندىر شەكىللىك ياغاچ پارچىسى بىلەن سېرىق رەڭلىك كۇب شەكىللىك ياغاچ پارچىسىنى ئېلىپ: «مۇشۇ ئىككى تال كۆبىكلا ئېشىپ قالدى، قايسىسىنى ئىشلەتسەم ياخشىراق بولار؟» دەپ سورىدى.

دادىسى ئوغلىغا ۋە ئوغلى تىزغان ئۆيگە قارىدى. ئۆينىڭ مۇستەھكەم بولمىغانلىقىنى قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە سىلىندىر شەكىللىكنى تىزسا ئەڭ مۇۋاپىق بولاتتى، كۇبنى تىزسا سەت بولۇپ قالاتتى، ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىندىر شەكىللىكنى تىزىشقا توغرا كېلەتتى، چۈنكى شۇنداق قىلسا ئاندىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشايتتى، لېكىن بۇنداق تىزسا ئۆي چوقۇم ئۆرۈلۈپ كېتەتتى. كارل ۋېيتىر تەھلىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوغلىغا: «سېنىڭچە بۇ ئىككىسىنى ئۆينىڭ ئۆگزىسى قىلىپ تىزساق ئۆي قانداق بولار؟» دېدى.

دادىسىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان كىچىك كارل ئۆينى تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدى، ھەم ھېلىقى ئىككى شەكىلنى قولىغا ئېلىپ سېلىشتۇرۇپ، سىلىندىر شەكىللىك كۆبىكنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تىزدى، ھەم «پۈتتى» دەپ ۋارقىرىدى.

كارل ۋېيتىر «نېمىشقا سىلىندىرنى تىزدىڭ؟» دەپ سورىۋېدى، ئوغلى: «سىلىندىر يەڭگىلكەن. مەن ئۆينىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقتۇم. شۇڭا كۇب شەكىللىك كۆبىكنى تىزمىدىم» دېدى. كارل ۋېيتىر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.




كۆبىك تىزىش بىر خىل ئويۇنلا ئەمەس، ئۇ يەنە بالىنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش، يېڭىلىق يارىتىش، كاللا ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ. بالا كۆبىك ئوينىغاندا ئويلىنىپ ئاندىن ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ھەر بىر تاللىشىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بالا بۇ ئويۇندىن ھەر خىل شەكىللەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى، رولىنى بىلىۋالىدۇ. بالىلار كۆبىك تىزىپ ئوينىغاندا، ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى، شۇنداقلا كۆبىكنىڭ رەڭلىرىنى، ھەر خىل شەكىللەرنى ۋە ئېغىر-يېنىكلىكىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇڭا كۆبىك تىزىپ ئويناشنى بالىنىڭ ماتېماتىكىدىكى قىسمەن ئاساسىي بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەش جەريانى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com




# كۇبىك تىزىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۇبىك

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) بىلەن بالا ھەر خىل شەكىلدىكى كۇبىكلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «باشلاندى» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ، كۇبىكلارنى تىزىشقا باشلايدۇ.

2. ۋاقىت چەكلىمىسى يوق، تاكى كۇبىك تىزغىلى بولمىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانا كۇبىكنى ئاستىراق تىزىشى، ھەم بالىغا قانداق كۇبىكلەرنى بىللە تىزغاندا بىر قەدەر مۇقىم، ئاسانلىقچە ئۆرۈلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى دەپ بېرىش كېرەك. لېكىن ئامال بار ئازراق دەپ بەرگەن ياخشى.



# كۇبىكتىن ھايۋانلارنى تىزىش



ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۇبىك

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا (ئانا) بىلەن بالا كۇبىكتىن ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرىنى تىزىدۇ.

2. كىمنىڭ ئەڭ ئوخشىغانلىقىغا قارىلىدۇ.

ئاتا (ئانا) زۆرۈرىيەت بولسا بالىغا بىلەك، بەدەن، پۇت قاتارلىق جايلىرىغا قايسى خىلدىكى كۇبىكنى تىزسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتسە بولىدۇ.



بالىنىڭ كۇبىك تىزىۋاتقان ۋاقتى ئەڭ كۆپ تەربىيە قوبۇل قىلىدىغان ۋاقتى، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك، لېكىن ئاتا ـ ئانىلار ئازراق سۆزلەپ، بالا بىلەن كۆپرەك ئوينىشى، بالىنىڭ كۇبىك تىزىشقا قىزىقىشىنى قوزغىشى كېرەك. بالىنىڭ كۆڭلى خۇش بولسا، تەبىئىيلا سىزنىڭ سۆزىڭىزگە قارشى ئىش قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3 ـ بۆلەك

# ماتېماتىكا تەربىيەسى

## 5. توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىسىغا ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندە، خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ نەتىجىسى ياخشىلانمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكى بۇ بالىنىڭ نەتىجىسگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بالىنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتىنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقى، بالىنىڭ ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندىكى كەيپىياتى، ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار بالىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.





# بالىلارغا تۇرگە ئايرىشنى ئۆگىتىش




بىر كۈنى كارل ۋىتىر كىتابخانىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئوغلىنىڭ كىتابخانا ئىشىكىدىن ماراۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. «ئوغلۇم، ماڭا ياردەملىشەمسەن؟» دېدى كارل ۋىتىر. ئوغلى كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ: «مەن نېمە قىلىپ بىرەلەيمەن؟» دېدى. كارل ۋىتىر: «ماڭا بۇ نەرسىلەرنى ئايرىشىپ بەرگىن. كىتابلارنى سول تەرەپتىكى ئۈستەلگە، قەلەملەرنى ئوڭ تەرەپتىكى ئۈستەلگە، قەغەزلەرنى كىتاب ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويساڭ بولىدۇ، ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ بىلىپ ئايرىغىن، ئىشىم ئازلايدىغان بولدى» دېدى. ئوغلى ئۇياق-بۇياققا قارىدى دە: «ماقۇل دادا، مەن نېمە قىلىشنى بىلىۋالدىم» دېدى. كارل ۋىتىر ئۈستەللەر، ئىشكاپلارنى سۈرتتى. ئوغلىمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە نەرسىلەرنى تۈرگە ئايرىدى. كارل ۋىتىر سۈرتۈشكە تېگىشلىك يەرلەرنى پاكىز سۈرتۈپ بولۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئوغلىنىڭ بىر نەرسىنى ئويلاپ، تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. «نېمە ئويلاۋاتىسەن؟» دېدى ئۇ. ئوغلى بىر پارچە تاشنى كۆرسىتىپ: «ئۇنى نەدە قويسام بولار دەپ ئويلاۋاتىمەن» دېدى. ئۇ تاش كارل ۋىتىرغا دوستى سوۋغا قىلغان قاشتېشى ئىدى. ئوغلى كىتاب، قەلەم، قەغەز، سىياھ، زىننەت بۇيۇمى، گۈل تەشتىكى قاتارلىق نەرسىلەرنى تۈرگە ئايرىپ رەتلىگەنىدى. دادىسى بۇنى كۆرۈپ كۈلگىنىچە: «بەلكىم ئۇ ھېچقايسى تۈرگە تەۋە بولماسلىقى مۇمكىن. يارايسەن بالام. ناھايىتى ياخشى قىلىپسەن، ئىشىم خېلى جىق ئازلىدى» دېدى. دادىسىنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىغان كىچىك كارل ئاشخانىغا كىرىپ ئانىسىغا ئاشخانا بۇيۇملىرىنى رەتلىشىپ بەردى. ئادەتتە كارل ۋىتىر دائىم ئوغلىغا نەرسە-كېرەكلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ رەتلەتكۈزەتتى، بۇ ئارقىلىق ئوغلى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈردى، ھەم يەنە ئۇنىڭ ئۇخشىمىغان شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.




تۇرمۇشتا ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۆز تۈرى بولىدۇ. ئەگەر بالىلار مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرۈپلا ئۇنى دەرھال شۇ نەرسە تەۋە تۈرگە ئايرىيالىسا، بۇ، بۇ بالىنىڭ ئەقلىلىق ئىكەنلىكىنى، يەنە ئىنچىكە، كۆزىتىشكە ماھىر، ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ بالىلارنىڭ ماتېماتىكىلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ناھايىتى زور ياردىمى بار. شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالىلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدىغان پائالىيەتلەرگە كۆپرەك قاتناشتۇرۇشى لازىم.





# توڭلاتقۇنىڭ قەۋىتى



ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1**. ئاتا ـ ئانىلار ھەر خىل نەرسىلەرنى توڭلاتقۇغا سالغاندا، بالىلارنى بىر تەرەپتە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا قايسى قەۋەتكە يېڭى كۆكتاتلارنى، قايسى قەۋەتكە گۆش تۈرىدىكىلەرنى، قايسى قەۋەتكە تۇخۇمنى، قايسى قەۋەتكە ئىچىملىكلەرنى، قايسى قەۋەتكە چوكامۇزلارنى قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش كېرەك.

**2**. ئاددىي نەرسىلەرنى تەييارلاپ بالىلارغا توڭلاتقۇغا سالغۇزۇش كېرەك.

**3**. ئاتا ـ ئانىلار توڭلاتقۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قالايمىقان قىلىۋېتىپ، بالىلارغا قايتىدىن رەتلەتكۈزۈش كېرەك.

# كۆكتات بازىرىدىكى ماللارنى تۈرگە ئايرىش




ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى كۆكتات بازىرىغا بىللە ئېلىپ بېرىش.

2. بالىلارغا قايسى نەرسىلەرنىڭ يېگىلى بولىدىغان يېمەكلىك، قايسى نەرسىلەرنىڭ ئاشخانا بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى، يەنە قايسى يېمەكلىكلەرنى خام يېگىلى بولىدىغانلىقىنى، قايسى يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يېگىلى بولىدىغانلىقىنى ئايرىغۇزۇش.



ئاتا ـ ئانىلار ھەر ۋاقىت بالىلارغا تۈرگە ئايرىش مەشقى قىلغۇزىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. بالىلارنىڭ تۈرگە ئايرىش دەرىجىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇلار بىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپىيىدۇ. بالىلارنى تۈرگە ئايرىش مەشقى قىلغۇزۇش ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئەمگەك بىلەن ئويۇننى بىرلەشتۈرگەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ




ئويۇنغا ئامراق بولۇش بالىلارنىڭ تۇغما خاراكتېرى. كىچىك كارلمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى، بىراق ئويۇنغا ئامراق بۇ خاراكتېرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. كىچىك كارل ئويۇنغا ناھايىتى ئامراق بولغاچقا، كارل ۋېتىر دائىم ئويۇن ئارقىلىق ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. بالىسىغا تېخىمۇ كۆپ شەيئىلەرنى تونۇتقۇزۇش ۋە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دائىم ئۇنىڭدىن: «بۇ نەرسىلەرنى نېمىگە ئىشلىتىمىز؟»، «بۇ كىچىك مايمۇن نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ تۇراتتى. كىچىك كارلغا يېڭى سۆز ئۆگەتكەندە، ئۇنىڭدىن شۇ سۆزلەرنىڭ يېقىن مەنىلىرى ياكى قارىمۇقارشى مەنىلىرىنى سورايتتى.

كىچىك كارل ئويۇن ئويناشقا ئامراق ئىدى، دادىسىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئوينايتتى. كىچىك كارلنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دادىسى دائىم ھەر خىل نەرسىلەرنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تىزاتتى، ئاندىن كىچىك كارلغا كۆزىنى يۇمغۇزۇپ، تىزغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا نەرسىلەرنى ئەسلىدىكى بويىچە تىزغۇزاتتى.

كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئاساسەن ئويۇننىڭ دەرىجىسىنى مۇۋاپىق قىيىنلاشتۇراتتى. بىراق ئوغلىنىڭ قانداق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. بىيولوگىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، چەت ئەل تىلى بىلىملىرىنى ئادەتتىكى ئويۇنلارغا بىرلەشتۈرۈۋېتەتتى. كىچىك كارل ئويۇن ئوينىغاندا، بىلىپ- بىلمەيلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ قالاتتى.

كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئوينىشىغا قارشى تۇرمايتتى، ئەكسىچە دائىم ئۇنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا نېمىنىڭ گۈزەل مەنزىرە، نېمىنىڭ تىك چوققا، نېمىنىڭ شارقىراتما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى.




ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ ئويۇن ئوينىشىنى توسماسلىقى كېرەك. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيگە بېكىنىۋالىدىغان بالىلارنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىسى ھامان چەكلىك بولىدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ ئويۇن ئوينىشىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىشى، بالىلار بىلەن ئويۇن ئويناش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. ئويۇن ئويناش جەريانىدا بالىلارنىڭ كۆزىتىش، پەرقلەندۈرۈش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، چۈشىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارى تېخىمۇ تېز يېتىلىدۇ.






# لاي كاۋچۇك

**ماس كېلىدىغان يېشى:** 3 ~ 6 ياشقىچە

**كېرەكلىك نەرسىلەر:** ھەر خىل رەڭلىك كاۋچۇك لاي

**ئويۇن ئۇسۇلى**

1. بالىلار بىلەن بىرلىكتە رەڭلىك لاي ئوينايمىز.

2. بالىلار بىلەن كۇب، پىرىزما، سىلىندىر، پاراللېلېپىپېد، بەش يۇلتۇز قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەرنى ياساپ، ئاخىرىدا كىمنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك ياسىغانلىقىنى باھالايمىز.

3. بالىلار ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە بىردىن شەكىل ياساپ چىقىدۇ.



# ياغاچ تاياقچە تاللاش ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: **4 ~ 6 ياشقىچە**

كېرەكلىك نەرسىلەر: **ئۇزۇن - قىسقىلىقى ھەر خىل بولغان ئۈچ باغلام ياغاچ تاياقچە**

ئويناش ئۇسۇلى



1. «تاش قايچا» ئويناپ، كىم يەڭسە، بىر باغلام تاياقچىنى يەرگە تاشلايدۇ.

2. ئاتا (ئانا) ۋە بالىلار ئايرىم - ئايرىم بىر باغلامدىن تاياقچە ئالىدۇ. تاش، قايچا ئويۇنىدا يەڭگەن ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنىڭ قولىدىكى تاياقچە ئارقىلىق يەردىكى تاياقچىنى تاللاپ (ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولۇشى كېرەك)، قىسىپ ئالىدۇ. تاللاش، ئېلىش جەريانىدا باشقا تاياقچىلار مىدىرلاپ كەتسە نۆۋەتنى ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، باشقا ئادەم ئالمىشىپ تاللايدۇ.

3. ئاخىرىدا كىمنىڭ قولىدا تاياقچە كۆپ بولسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ.



ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن ئوينىغاندا، ئويۇندىكى بىلىمنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىلەن بالىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە يېشى ماس كېلىشى لازىم. بىلىمنى ئويۇنغا سىڭدۈرۈش پەقەت بالىلارنىڭ بىلىم ئاساسىنى، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. لېكىن ئويۇننى پۈتۈنلەي بىر خىل تەربىيە ئۇسۇلى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىغىنچاقلانغان بىلىملەرنى ئۆگىتىش زۆرۈر.

# بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش




كارل ۋىتېر ئوغلىنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر كۈنى كىچىك كارل ئۆيدە سوئال ئىشلەۋاتاتتى. ئالدىنقى ئىككى سوئالنى ناھايىتى ئاسانلا ئىشلەپ بولدى، بىراق ئۈچىنچى سوئال ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى. خېلى ئويلانغان بولسىمۇ، مەسىلىنى يېشەلمەي، جىله بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا دادىسى: «بالام، بىز باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى» دېدى.

كىچىك كارلنىڭ كەيپىياتى ناچار ئىدى، ئۇ ئاغزىنى ئۈچلىغىنىچە: «ياق، مەن بۇ مەسىلىنى ئىشلەپ چىقارمىسام بولمايدۇ» دېدى.

كارل ۋىتېر ئۇنىڭ مۇرىسىنى يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ: «ماڭا ئىشەن، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئايلىنىپ كەلگىن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ مەسىلىنى چوقۇم ئىشلىيەلەيسەن» دېدى. ئوغلى ئىشەنمىگەن ھالدا: «راستمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھەئە، مەن ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيمەن» دېدى كارل ۋىتېر. ئۇلار باغچىغا بېرىپ سەيلە قىلدى. باغچىدىكى ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنى، ئېغناپ ئويناۋاتقان كۈچۈكنى، ۋىچىرلىشىپ يۈرگەن قۇشقاچلارنى، يەنە زۇمرەتتەك كۆل سۈيىنى كۆرۈپ، كىچىك كارلنىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا كارل ۋىتېر: «ئوغلۇم، كەيپىياتىڭ ناچار ياكى ئازابلانغان ۋاقىتتا، سىرتلارغا چىقىپ ئايلانغىن، كەيپىياتىڭنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەيپىياتىڭنى ياخشىلىغىن. ئاندىن ياخشى ئويلانساڭ، شۇنى بايقايسەنكى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشمۇ ئۇنچە تەس ئەمەس» دېدى. كىچىك كارل دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خېلى يېنىكلەپ قالدى. دەرۋەقە ئۆيگە ئاز قالغاندا ئۇ تۇيۇقسىز ھېلىقى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپتى.




كەيپىيات ياخشى بولسا، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى جانلىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەكسىچە كەيپىيات ناچار بولسا ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بوغۇلۇپ قالىدۇ. ئىشلارنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلالماي، ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تاپالمايدۇ. كەيپىيات ناچار بولسا ئۆگىنىش نەتىجىسىگە زور تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئۆگىنىش قىلغۇزۇۋاتقاندا، چوقۇم بالىلارنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر بالىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولسا ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل، ئەتراپلىق قىلىدۇ، كاللا ئىشلىتىشكىمۇ ئامراق بولىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ كەيپىياتى ناچار بولسا، بالىلار ئوينىسۇن ياكى ئۆگىنىش قىلسۇن، شۇنداقلا ئاڭلاپ قويىدۇ ياكى بىزار بولىدۇ. بالىلارنىڭ كەيپىياتى ناچار بولسا، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئۆگىنىش قىلغۇزماي، سەيلە قىلدۇرۇشى ياكى كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنلارنى ئويناتقۇزۇشى ياكى بالىلارنى كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا پايدىسى بولىدىغان باشقا ئاماللار بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلىش لازىم. كۆڭلى ئېچىلغاندىن كېيىن قايتا ئۆگىنىشكە يېتەكلىسە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# كۆچۈكنىڭ ھېكايىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۆچۈكنىڭ ھەر خىل ئوماق، قىزىقارلىق رەسىملىرى (باشقا ھايۋانلار بولسىمۇ بولىدۇ)

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىلارنىڭ كەيپىياتى ناچار ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىلار كۆچۈكنىڭ ھەر خىل ئوماق قىزىقارلىق رەسىملىرىنى ئېلىپ بالىلارغا كۆرسىتىدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىلار رەسىمنى ئېلىپ، يۈزىنى توسۇۋېلىپ، رەسىمدىكى مەنزىرە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قىزىقارلىق ئاۋازلار بىلەن بالىلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ.

3. بالىلارمۇ رەسىمدىن بىرنى تاللاپ، ئاندىن رەسىم بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ، قىزىقارلىق گەپ ـ سۆزلەرنى دەيدۇ.



# مېۋىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئاپېلسىن، ئالما، بانان، نەشپۈت، رەڭلىك بوياق

ئويناش ئۇسۇلى



1. بىر تال ئاپېلسىننى ئېلىپ، رەڭلىك قەلەم بىلەن ئاپېلسىنغا كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، قۇلاق قاتارلىقلارنى سىزىمىز.

2. خۇشاللىق، قايغۇ، غەزەپ قاتارلىق ھەر خىل قىزىقارلىق چىراي ئىپادىلىرىنى سىزىپ، بالىلارغا كۆرسىتىپ، بالىلارنىمۇ سىزىشقا ئىلھاملاندۇرىمىز.

3. بالىلار ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە سىزسا بولىدۇ، كىمنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق سىزغانلىقىنى سېلىشتۇرىمىز.

4. ئاندىن بالىلار بىلەن بىرلىكتە مېۋىلەرگە سىزغان رەسىملەرنى بىر يەرگە ئەكېلىپ، قىزىقارلىق تىياتىرلارنى ئوينايمىز.



ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كەيپىياتى ناچار ۋاقىتتا ئۇلارنى ئۆگىنىشكە زورلىماسلىقى كېرەك. بولمىسا بالىلاردا قارشىلىق پسىخىكىسى شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ھەر كۈنى بالىلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى، ناچار بولىدىغان ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلىشى لازىم. مەسىلەن: چۈشتىن بۇرۇنقى قايسى ۋاقىتتا بالىلارنىڭ ئەڭ روھلۇق، چۈشتىن كېيىنكى قايسى ۋاقىتتا ئەڭ جانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش، بالىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋاقىتنى تاللاپ ئۇلارغا ئۆگىنىش قىلغۇزۇش كېرەك. شۇنداق قىلسا ئۆگىنىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## ۋاقتنى ياخشى تاللغاندا باللارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ




كارل ۋىتېر ئەزەلدىن ئوغلىنىڭ ھەر كۈندىكى ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئىككى سائەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى. بىر قېتىم ئوغلى قىزىقارلىق بىر ھېكايە كىتابىنى ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئوقۇدى. كارل ۋىتېر ئۇنى ئەسكەرتىپ: «ۋاقىت توشتى، كىتابنى قويۇپ ئويناپ كىرگىن» دېدى. بىراق كىچىك كارلنىڭ كىتابنى قويغۇسى يوق ئىدى. ئۇ: «ئوقۇپ ئەڭ قىزىق يېرىگە كەلدىم، يەنە ئازراق ئوقۇۋالاي» دېدى. «ماقۇل، ئەمىسە ساڭا يېرىم سائەت ۋاقىت بېرەي» دېدى كارل ۋىتېر. كىچىك كارل خۇشاللىق بىلەن كىتابنى داۋاملىق ئوقۇدى. قولۇم - قوشنىلارنى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇكى، كىچىك كارلنىڭ دائىم سىرتلاردا ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق ئۇ باشقا قۇرداش باللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەقىللىق ھەم بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئىدى، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلار يول كۆرسىتىمىسىمۇ، ئاددىي مەسىلىلەرنى ئۆزى مۇستەقىل ھەل قىلالايتتى. باشقىلار كارل ۋىتېردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇ ھەمىشە: «ئوغلۇمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى باشقا باللاردىن يۇقىرى ئەمەس، مەن ھەر كۈنى ئۇنى پەقەت ئىككى سائەت ئۆگىنىش قىلدۇرىمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى.




«باللارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا شۇنچە ياخشى» دېگەن قاراش خاتا. ئۆگىنىش ئۈنۈمى بىلەن ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى تاناسىپ بولۇشى ناتايىن. نورمال ھالەتتە باللارنىڭ زېھنىنى يىغىپ ئۆگىنىش قىلالايدىغان ۋاقتى يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە بولىدۇ، كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى سائەت بولىدۇ. بىراق ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن باللار ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ، دىققىتى چېچىلىدۇ، باشقا نەرسىلەرنى خىيال قىلىدۇ ياكى ئۇششاق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باللارنى داۋاملىق ئۆگىنىش قىلغۇزسا ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ھەم ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. جىق ئۆگەنگەن بىلەنمۇ، يەنىلا ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولمايدۇ.






# 10 منۇتلۇق ھېكايە

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭغا ئون منۇتلۇق قىسقا ھېكايە سۆزلەپ بېرىمىز، بىراق ھېكايە تۈگىمەيلا ۋاقىت توشۇپ قالىدۇ، لېكىن ھېكايىنىڭ كەيىنىنى دېمەيمىز.

2. بالا داۋاملىق سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، بالىنى ئۇخلىتىمىز، داۋامىنى ئەتىسى سۆزلەپ بېرىمىز.

3. بالا ھېكايىنىڭ ئاڭلاپ بولالمىغان مەزمۇنىغا بەك قىزىقىدۇ، ھەم كېيىنكى ۋەقەلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى توختىماي ئويلايدۇ، نەتىجىسىنى پەرەز قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# 15 مىنۇتلۇق قەغەز قاتلاش ئويۇنى

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل رەڭلىك قەغەز

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا رەڭلىك قەغەزدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى قاتلاشنى ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن: قەغەز ئايروپىلان، قەغەز كېمە، قەغەز پاقا، قەغەز تورنا قاتارلىقلار.



2. بالىلار بۇ خىلدىكى ئويۇنلارغا بەك قىزىقىدۇ، لېكىن بالىلارنىڭ بۇ ئويۇنغا بولغان قىزغىنلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 مىنۇت ياكى يېرىم سائەت ئوينىتىش لازىم.

3. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلار بىر قانچە قاتلاپ بولۇنغان، بىر قەدەر مۇرەككەپ قەغەز ئويۇنچۇقلارنى ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنىڭغا كېلەر قېتىم قانداق قاتلاشنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى دەيدۇ.

ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار ئۇزاق ۋاقىت ئۆگىنىش قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ. ھەددىدىن زىيادە كالىلا ئىشلىتىش بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆگىنىش بالىلارنىڭ ئوينايدىغان ۋاقتىنى داۋاملىق ئىگىلىۋالسا، بالىلارنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆگىنىش ۋاقتىنى بېكىتىشى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

# 4 ـ بۆلەك

## ساپا ـ خاراكتېر تەربىيەسى

### 1. ياخشى خاراكتېرنىڭ زۆرۈر ئامىللىرى

خاراكتېر ـ ئادەمنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ماس ھەرىكەت ئۇسۇلىدىكى بىر قەدەر تۇراقلىق ھەم يادرولۇق مەنىگە ئىگە بولغان خاس پسىخىك ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ۋە ياخشى خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشتىنمۇ مۇھىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغاندا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ




بىر كۈنى بۆشۈكتە ياتقان كىچىك كارل تۇيۇقسىز قاتتىق يىغلايدۇ، ئاپىسى ئۇنىڭ يېنىغا ماڭغاندا، كارل ۋىتېر ئايالىدىن: «بالا سۈتنى كۆپ ئېمىۋالدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئايالى: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كارل ۋىتېر يەنە: «بالا ئاغرىپ قالغانمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئايالى يەنە «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كارل ۋىتېر: «ئەمىسە ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن» دەيدۇ. لېكىن ئايالى چۈشىنەلمەي قالىدۇ، كارل ۋىتېر چۈشەندۈرۈپ: «بالىنىڭ ياكى قورسىقى ئاچمىسا، ياكى بىر يېرى ئاغرىمىسا نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ئۇ چوقۇم سىزنى سىغىنىدى، ئۇ بىزگە ‹مەن بىلەن كارىڭلار بولمايۋاتىدۇ›، دېمەكچى» دەيدۇ. راست دېگەندەك كىچىك كارل بىر دەم يىغلاپ توختاپ قالىدۇ، كارل ۋىتېر بىلەن ئايالى كىچىك كارلنىڭ بۆشۈكتە ئۆزى بىلەن ئۆزى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كارل ۋىتېرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، ئايالى ئىلگىرىكىدەك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپلا قېشىغا بارمايدىغان بولىدۇ.




ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىستەك بولىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتىمۇ بۇنداق تۇغما تەبىئەت بولىدۇ. بوۋاق باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىزدىگەندە، يىغلاپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بالىلارنىڭ بۇ ئويىنى چۈشىنىشكە بولسىمۇ، لېكىن رېئال تۇرمۇشتا، ھېسداشلىق تىلىگەن پوزىتسىيە بىلەن باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە، قەدىرلىشىگە ئېرىشىدىغان بۇ خىل ئۇسۇل باشقىلارنى ئاسانلا بىزار قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئائىلە باشلىقلىرى بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، يىغلاپ يالۋۇرۇشنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك، شۇنداقلا بالىلارغا باشقىلار پەرۋا قىلمىغاندا، ئۆز ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيىنى قانداق ساقلاشنى، ئۆز- ئۆزىنى قانداق خۇشال قىلىشنى، ھەرگىزمۇ قەدىرلىنىشنى ھېسداشلىق تىلىگەن شەكىلدە باشقىلاردىن تىلىمەسلىكنى ئۆگىتىش كېرەك.






# جىم - جىم

**ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە**

**كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك سېلىنچا، مۇزىكا**

**ئويناش ئۇسۇلى**

1. بالا سېلىنچىدا كۆزىنى يۇمۇپ، گەپ قىلماي جىم ئولتۇرىدۇ.
2. ئاتا - ئانىلار بالىغا يېنىك، يېقىملىق مۇزىكىنى قويۇپ بېرىپ، بالىنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ.
3. بالا مۇزىكا تۈگىگىچە ئولتۇرىدۇ. بالا بىر نەچچە مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇش ئارقىلىق، ئىچكى دۇنياسى بىلەن پاراڭلىششنى ئۆگىنىدۇ، ھەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**

بالىنى بەك ئۇزۇن ئولتۇرغۇزۇۋەتمەسلىك كېرەك، بولمىسا بالا ئوينىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆزى يالغۇز ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى چاغدا، ئۇنىڭغا ئويۇنچۇقلارنى بېرىمىز.

2. باشتا ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن بىرگە ئوينايدۇ. بالا ئويۇنغا رەسمىي كىرىشكەندىن كېيىن، بىر چەتتە بالىنىڭ ئوينىشىغا قاراپ تۇرىدۇ، بالىنىڭ ئويۇنغا ئارىلاشمايدۇ.

3. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىدۇ. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇلارنى چاقىرغاندا، بالىغا دەرھال جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك، لېكىن شۇ ھامان بالىنىڭ يېنىغا چىقماسلىق كېرەك.

4. بالىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىش ۋاقتى ۋە قايتىپ كېلىش ۋاقتىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇزارتىپ، بالىغا يالغۇز ئويناشنى ئۆگىتىش كېرەك.



# بالىنىڭ جېدەلىگە پەرۋا قىلماسلىق

ماس كېلىدىغان يېشى: 1.5 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا ئاتا ـ ئانىلارغا ئەركىلەپ، يىغلاپ جېدەل قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بالىنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

2. ئەگەر بالىنىڭ تەلىپى ئورۇنسىز بولسا، ئاتا ـ ئانىلار قەتئىي رەت قىلىش كېرەك.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ۋارقىراپ ئەيىبلىمەسلىكى كېرەك، بولمىسا ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، بالىنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ.



4. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، چۈنكى بالىنىڭ كەيپىياتى تۇراقسىز بولسا، ئاتا ـ ئانىلار ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ بالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ.



بالىغا «ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغاندا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش بەك قىيىن. چۈنكى بالا كىچىك بولغاچقا بۇنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىش، بالىلار بىلەن ئويۇن ئويناش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



# كەمتەرلىكنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ




كىچىك كارل ئۆگىنىشتە ئاز ـ تولا نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بولۇپ قېلىپ، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرىدۇ. بىر كۈنى دادىسى كىچىك كارلنىڭ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى توسۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىچىك كارلنىڭ دوستلىرىغا سۆزلەپ يۈرگىنى تولىمۇ قاملاشمىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيلا قالماي، يەنە زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئاددىي نەرسىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ بىر ـ بىرى بىلەن باغلاشمىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالايمىقان ئىشلەتكەچكە، ئاڭلىغۇچىلار ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەنىدى.

كارل ۋىتىر كىچىك كارلغا «سەن گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمىدىڭ» دەيدۇ. كىچىك كارل جىم تۇرىدۇ. كارل ۋىتىر باللاردىن: «بايا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. باللار: «چۈشەنمىدۇق، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدۇق» دەيدۇ. باللارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان كىچىك كارلنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىدۇ.

گەرچە كىچىك كارل مۇشۇنداق كۆلكىلىك خاتالىقنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەقىللىق بالا بولغاچقا، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ساۋاق بولۇپ، ئۇنى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، بىلەرمەن «ئالىم» بولۇپ قالماسلىققا ئەسكەرتىپ تۇردى.




ھەرقانداق ئادەمدە ئاز ـ تولا شۆھرەتپەرەسلىك بولىدۇ، قىممەتلىك نەرسىسىنى ياكى ئىقتىدارىنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەۋەس قىلىشىنى، ماختىشىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۇزاق داۋاملاشسا، ماختانچاقلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئادەتتە ماختىنىشقا ئامراق كىشىلەرنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، شۆھرەتپەرەسلىك ئادەمنى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان قىلىپ قويىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ھەمىشە ماختىنىپ يۈرۈش باشقىلارنى بىزار قىلىپلا قالماستىن، باللاردا ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزگە تەمەننا قويىدىغان پىسخىكا شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. باللاردا ئازراق شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال، لېكىن ئاتا ـ ئانىلار ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، باللاردا مەنمەنچىلىك شەكىللىنىپ قېلىشىنى توسۇشى كېرەك.






# باشقىلارنى ماختاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى دوستلىرى بىلەن كۆپرەك ئوينىتىش ياكى مۇسابىقىلەشتۈرۈش.

2. ئاتا ـ ئانىلار باشقا بالىلارنى ماختاش بىلەن بىرگە بالىسىنىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە ماختاش، ماختىغاندا كونكرېت بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. ئويۇندىن كېيىن بالىغا دوستلىرىنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بارلىقىنى خۇلاسىلەتكۈزۈش كېرەك. ئەگەر بالا دېيەلمىسە ئاتا ـ ئانىلار مۇۋاپىق يېتەكلىسە بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كەمچىللىكنى تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم سىزىش قوراللىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى بىرەر دوستىنى بىللە رەسىم سىزىشقا تەكلىپ قىلغۇزىمىز.
2. ئۇلارغا تېما بەلگىلەپ بېرىپ، ئايرىم - ئايرىم سىزغۇزىمىز. بىر - بىرىنىڭكىگە قاراشقا بولمايدۇ.
3. رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، بالىلارغا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭكىنى، ئاندىن دوستىنىڭكىنى باھالاتقۇزىمىز.
4. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەسىمىدىكى يېتەرسىزلىكنى، دوستىنىڭ رەسىمىدىكى ئارتۇقچىلىقنى تاپقۇزىمىز.
5. ئاخىرىدا ئائىلە باشلىقى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ باھا بېرىدۇ.



# كەمتەرلىكنى ئۆگىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. سىرتقا چىققاندا ياكى ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بالىغا باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىمىز.

2. باشقىلار بالىنى ماختىغاندا، «رەھمەت» دېيىشنى ئۆگىتىمىز.

3. باشقىلار بالىغا پىكىر بەرگەندە، بالىغا كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشنى ئۆگىتىمىز.

4. بالىغا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ، ئۆزىنى كۆز- كۆز قىلماسلىقنى ئەسكەرتىپ تۇرىمىز.




بالىلار يېڭى ئويۇنچۇقتا ئېرىشكەندە ياكى بىرەر يېڭى ماھارەتنى ئۆگىنىۋالغاندا باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق ماختاش ئۇلارنىڭ ئېخىمۇ تىرىشىشىغا، ئالغا ئىلگىرىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەمما ئاتا- ئانىلار ماختاشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىشى كېرەك، ئىشنىڭ ئۆزىنىلا ماختاش كېرەك. بالىنى «مەن ئەڭ قالتىس» دەيدىغان ئويغا كەلتۈرۈپ قويماي، بالىغا كەمتەر بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# مەسئۇلىيەت ئادەمنى يېتىلدۈرىدۇ




بىر قېتىم 16 ياشلىق بىر بالا كارل ۋېتىرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكۈپ بېرىدۇ. بالىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ھاراقكەش بولۇپ، دائىم ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئۇرىدىكەن. ئۇ دادىسىدىن نېمىشقا ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئۇرىدىغانلىقىنى سورىغاندا دادىسى: «قايسى يۈزۈڭ بىلەن مەندىن سوراۋاتىسەن؟ سەن ئەسلىي پۇل تېپىپ ئۆزۈڭنى، سىڭلىلىرىڭنى بېقىشىڭ كېرەك ئىدى» دەپتۇ. دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇ بالىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ ھەم بەكلا ھەيران بوپتۇ. چۈنكى ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا قانداق قىلىشنى پەقەتلا ئۆگەتمىگەنىكەن. ئۇ كارل ۋېتىرغا: «ئەگەر بىرەرسى ماڭا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن بولسا، ھازىر بەلكىم ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالالىغان بولاتتىم» دەيدۇ. كېيىن كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭغا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. كېيىن بۇ بالا قالتىس يىگىت بولىدۇ. تىرىشىپ ئىشلەپ، ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، دادىسىنىڭ ھاراقكەشلىكىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئاپىسىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ، ئىككى سىڭلىسىنى مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ.




ئەگەر بىر ئادەمدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە قىممەت تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇ جەمئىيەتتە ئۆز ئورنىنى تاپالمايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى گاڭگىراپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۈرىدۇ. بالىلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئائىلىدە يېتىلگەن «مەن ياراملىق» دېگەن تۇيغۇ بالىلاردا كەلگۈسىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىشنىڭ ئاساسى. كارل ۋېتىر ئەر- ئايال ئىككىسى كىچىك كارلنى دائىم قۇربى يېتىدىغان ئۆي ئىشلىرىغا سالاتتى، كىچىك كارل ئەمگەك جەريانىدا، ئۆزىنىڭ يارامليق ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيتتى. بالىلاردا تۇغما مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولىدۇ، ئۇلار ئادەتتىكى ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندا، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن قىلىدۇ. ئۇلاردىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇلار ئۈچۈن ئاۋارىچىلىك ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.






# پاكىز بالا

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك چوتكا، دەسمال

ئويناش ئۇسۇلى

1. كىچىك چوتكا، دەسمال، سۈرتىدىغان نەرسە تەييارلايمىز.
2. توپىسى سۈرتۈلىدىغان نەرسىنى تۈز، بىخەتەر يەرگە قويىمىز.
3. چوتكىنى بالىغا تۇتقۇزۇپ، چاڭ ـ توزاننى ئۈستىدىن ئاستىغا، ئوڭدىن سولغا تەپسىلىي سۈرتكۈزىمىز.
4. ھۆل دەسمال بىلەن نەرسىنى بىر قۇر سۈرتۈپ، ئاندىن ئورنىغا قويۇپ قويىمىز.
5. ئاتا ـ ئانىلار ھەر خىل چوتكىلارنى، مەسىلەن: گىرىم چوتكىسى، كىيىم چوتكىسى، كونا چىش چوتكىسى، ئاياغ چوتكىسى دېگەندەكلەرنى يىغىپ، بالىغا پەرقلەندۈرۈشنى ھەم ئوخشىمايدىغان چوتكىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئۆگىتىش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەينەك سۈرتۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بولۇت، دەسمال، پەرتۇق

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا پەرتۇق تارتىپ قويىمىز.

2. بالىغا ئالدى بىلەن نەمدەلگەن بولۇت بىلەن ئەينەكنى سولدىن ئوڭغا بىر قېتىم سۈرتۈپ، ئاندىن بولۇتنى قويۇپ قويۇپ، دەسمال بىلەن يەنە بىر قېتىم سۈرتۈشنى ئۆگىتىمىز.

3. ئىش تۈگىگەندە بالا بولۇت بىلەن دەسمالنى پاكىز يۇيۇپ، چىلەك سىققاندىن كېيىن، تەكشى يېيىپ قويىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىغا ئېگىزدىكى ئەينەكنى سۈرتكۈزمەسلىك كېرەك.



# گىلەم تازىلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: چوتكا

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى گىلەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بالىغا گىلەم تازىلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىمىز.

2. بالا چوتكىنى ئوڭ قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، سول قول بىلەن گىلەمنى بېسىپ تۇرۇپ، گىلەمنى ئوگى بويىچە تازىلايدۇ.

3. چوتكىغا چاپلىشىپ قالغان قىللارنى پاكىز ئادالاپ، ئەخلەت چېلەكگە تۆكۈۋېتىدۇ.

ياكى بولمىسا، (چاڭ - توزان) سۈمۈرگۈچ بىلەن تازىلىسىمۇ بولىدۇ.



ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئۆي ئىشىغا سالغاندا، بالىغا يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق ياكى كەيپىياتى ناچار چاغدا بالىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قىلغۇزماسلىق كېرەك. بولمىسا بالىنىڭ ئۆي ئىشى قىلغاندىكى ھاياجانلىق خۇشال كەيپىياتى يوقاپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئادەم سەممىي بولۇشى كېرەك




كىچىك كارل ئىككى ياش ۋاقتىدا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۈستەلدىكى ئىستاكاننى ئۆرۈۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا كارل ۋېتىر بىلەن ئايالى ئۆيدە يوق ئىدى. كارل ۋېتىرنىڭ ئايالى قايتىپ كېلىپ، داستىخاننىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كىچىك كارلدىن: «ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتتىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. كىچىك كارل بېشىنى چايقاپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى پەقەت ئېتىراپ قىلمايدۇ. كارل ۋېتىرنىڭ ئايالى كىچىك كارلنىڭ ئوماق تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئىستاكاننى ئوغلىنىڭ ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ.

كەچتە كارل ۋېتىر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايالى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. كارل ۋېتىر بالىسى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش كېرەك دەپ ئويلاپ، كىچىك كارلدىن: «ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتتىڭمۇ؟»دەپ سورايدۇ. كىچىك كارل يەنە ئىنكار قىلىدۇ. كارل ۋېتىر كەسكىن ھالدا: «بالام، مەن سېنىڭ راست گەپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم راست گەپ قىلىشىڭ كېرەك، ئاپاڭ بىلەن مەن كۆرمىگەن بىلەن خۇدا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاپاڭ ئىككىمىز يالغان گەپ قىلىدىغان بالىنى ياخشى كۆرمەيمىز» دەيدۇ. كىچىك كارل ئۈن چىقارمايدۇ، بىردەمدىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلنى ئەيىبلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بالىنىڭ يالغان گەپ قىلىشىنى ئۆگىنىۋالغىنىغا سېلىشتۇرغاندا، ئىستاكاننى ئۆرۈۋېتىشىنىڭ ھېچقانچە ئىش ئەمەسلىكىنى بىلەتتى.




ئەگەر بالا خاتا ئىش قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلار سەۋەبىنى سورىمايلا بالىنى ئەيىبلىسە، ھەتتا جازالىسا، بالا كېيىنكى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزگەندە جازادىن قورقۇپ، يالغان سۆزلەيدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بالىلار يالغان گەپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم سەۋرچانلىق بىلەن بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشى، بالىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈشى، ئەگەر بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن قىلغان بولسا، بالىغا كېلەر قېتىم دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىشى، ھەرگىزمۇ بالىنى ئەيىبلەپ، جازالىماسلىقى كېرەك. بالا خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئاتا ـ ئانىلار سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى، بۇنداق ئەھۋال تەكرار يۈز بەرسە ئاندىن جازالىشى كېرەك. ئەگەر بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلىسە، ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلەشنى تاللىمايدۇ.

# ھېچقىسى يوق

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ئوغرىلىقچە كەمپۈت يەۋالغانلىقىنى ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر نەرسىلەرنى چېقىپ قويغانلىقىنى بايقىغاندا، بالىنى دەرھال سوراق قىلماسلىق كېرەك.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن بۇ ئىشنى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى مۇلايىملىق بىلەن سوراپ، بالىنىڭ ئىنكاسىنى كۆزىتىش كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار «چوقۇم سەن قىلدىڭ» دېگەندەك تەلەپپۇزدا بالىنى سوراق قىلسا، بالا قورقۇپ كېتىپ يالغان سۆزلىشى مۇمكىن.

3. ئەگەر بالا ئىنكار قىلسا، قىستاپ سوراۋەرمەي، بالىغا: «سەن قىلغان بول ياكى بولما، بىز سېنىڭ يالغان گەپ قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. نەرسە بۇزۇلسا ئوڭشىساق بولىدۇ، ئەمما سەن يالغان گەپ قىلساڭ ئەسكى بالا بولۇپ قالىسەن، سېنى جازالىمايمەن، پەقەت راستىنى بىلگۈم بار» دېيىش كېرەك.

4. ئەگەر بالا ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، بالىنى ئەيىبلىمەي، چۈشەندۈرۈشى، ئەگەر جازالاشقا تېگىشلىك بولسا، بالىغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئېغىر بولمىسا كېلەر قېتىم يەنە بۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزمىسلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەك.



www.uyghurkitap.com








# بۆرە كەلدى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: «بۆرە كەلدى» ھېكايىسى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا «بۆرە كەلدى» ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىش.
2. ئاتا ـ ئانىلار ھېكايە سۆزلىگەندە جانلىق، جەلپ قىلارلىق سۆزلەپ، بالىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشى كېرەك.
3. بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن بالىدىن: «ئەگەر سەن بولغان بولساڭ يەنە ئۇ بالىنىڭ گېپىگە ئىشىنەمتىڭ؟» دەپ سوراش كېرەك.
4. سۆزلەپ بولۇپ، بالىدىن نېمە ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ ئۇ بالىنىڭ سۆزگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقىنى سوراش كېرەك.





ھەرگىزمۇ «بالا تېخى كىچىك، يالغان سۆزلىسە ھېچقىسى يوق» دېمەسلىك كېرەك. بالا يالغان سۆزلىگەنلىكى، ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرالىغىنى ئۈچۈن كۆزىمىزگە ئەقىللىق، ئوماق كۆرۈنۈپ كەتسە بولمايدۇ. بالا يالغان سۆزلەشنى ئادەت قىلىۋالسا ئۆزگەرتمەك تەسكە چۈشىدۇ. لېكىن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قايسى گېپىنىڭ يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى، قايسى گېپىنىڭ تېخى رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇرنى ئايرىيالمىغان گەپ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشى كېرەك. بالىلار «چوڭ بولغاندا ئاۋىتېمەن بولىمەن» دېسە، بۇ يالغان گەپ بولمايدۇ، بەلكى رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇرنى ئايرىيالمىغان بولىدۇ.

# 4 ـ بۆلەك

## ساپا ـ خاراكتېر تەربىيەسى

### 2. مۇستەقىللىق بالىلارنىڭ «چوڭ بولۇشى» دىكى ئالدىنقى شەرت

بالىلارغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مۇستەقىللىق تەربىيەسى بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بالىلار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنسە ھەم ھەممە ئىشنى قىلىپ بەرسە، بالىلارنىڭ ئىقتىدارى چېكىنىپ كېتىدۇ. يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى كۈچلۈك بالا ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي مەنىدە «چوڭ بولغان» ھېسابلانمايدۇ. مۇستەقىللىق بالىلارنىڭ چوڭ بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت، كىچىكىدىن باشلاپ مۇستەقىل بولۇشنى ئۆگەنگەن، مۇستەقىللىق روھىغا ئىگە بولغان بالىلارلا ھەقىقىي چوڭ بولغان ھېسابلىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۆزگە ئىشىنىش بالىلارنى يۈرەكلىك قىلىدۇ




كىچىك كارل بەش ياش ۋاقتىدا مۇناجات ئەترىتىنىڭ سىنىقىغا قاتنىشىدۇ، باستىر ۋېبل ئەپەندىنىڭ فىسگارمونىنىڭ ئاۋازى چىققىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىچىك كارل بىر جۈملىمۇ ئېيتالمايدۇ. بۇنى كۆرگەن كارل ۋېبىر چېلىشنى توختىتىپ، كىچىك كارلنى بىر چەتكە ئەكېلىپ ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋېبل ئەپەندىنىڭ نېمە ئۈچۈن سىناقنى بۈگۈنگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟ چۈنكى ئۇ بۇرۇنلا سېنىڭ مۇناجاتنى ياخشى ئېيتالايدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ مۇناجات ئەترىتىنىڭ بالا ئەزالىرىغا سەندەك يېڭى ئەزانىڭ بوش ئەمەسلىكىڭنى بىلدۈرۈپ قويماقچى. ۋېبل ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر سەن مۇناجات ئەترىتىگە قاتناشساڭ، ئەترەتنىڭ سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن». دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىچىك كارل روھلىنىپ، قايتىدىن فىسگارمون ئالدىغا چىقىدۇ. ئۇ كۈنى ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئېيتىدۇ. نېمە ئۈچۈن كىچىك كارلدا شۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئېنىقكى، بۇ ئۇنىڭدا ئىشەنچىنىڭ بولغانلىقىدا.




بالىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچى ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن كېلىدۇ. بالىلارنى ماختىسا ئۆزگە ئىشىنىدىغان بولىدۇ. بالا تۇنجى قېتىم مەلۇم ئىشنى قىلغاندا، ئەگەر ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە مەسخىرە قىلىنسا، ئەيىبلەنسە، بالا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى يەنە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىشەنچمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقايدۇ.

كارل ۋېبىر كىچىك كارلدا ئىشەنچ يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەگەر كىچىك كارل بىرەر ئىشنى قىلىشنى تۇنجى قېتىم سىناپ باقسا، ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بالىسىنى ماختايتتى. شۇڭا كىچىك كارل كېلەر قېتىممۇ بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتى. ئەلۋەتتە بىر قانچە قېتىم قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇن ياخشى قىلالمايدىغان ئىشنى ياخشى قىلالايدىغان بولۇپ كېتەتتى.




# كارىۋات رەتلەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالا ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، بالىغا ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنى رەتلىتىش كېرەك. بالىغا ئۆزىنىڭ يوتقىنىنى يىغىپ، ئۇخلاش كىيىملىرىنى قاتلاپ، كارىۋات بېشىغا قويۇپ، كارىۋات كىرلىكىنى تۈز قىلىپ قويسا بولىدۇ.

كارىۋات ياخشى رەتلەنمىگەن بولسىمۇ، ئاتا - ئانىلار بالىغا ئىلھام بېرىپ، ماختاشقا ئەرزىگۈدەك يەرلىرىنى ماختاش كېرەك. بالا كېيىنكى قېتىم كارىۋات رەتلىگەندە، ئاتا - ئانىلار ئالدىنقى قېتىمقىغا قارىغاندا ئىلگىرىلىگەن تەرەپلەرنى تېپىپ بالىنى ماختاش كېرەك.



# ھەرىپ قوشۇشنى ئۆگىتىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىملىك دەپتەر

ئويناش ئۇسۇلى

ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇشنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتىمىز. بالا توغرا قوشالىمىسا ياردەم قىلساق بولىدۇ، لېكىن تىللىماسلىقىمىز، باشقىلارنىڭ بالىسى بىلەن سېلىشتۇرماسلىقىمىز، بولۇپمۇ بالىغا «باشقىلارنىڭ بالىسى مۇنداق قىلالايدىكەن، سەن قىلالمايسەن، قاپاقباش» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك.

ئۆزىنى كەمسىتىدىغان بالىلارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم بالىنىڭ گەۋدىلىك تەرەپلىرىنى كۆپرەك بايقاپ، ماختاشقا ئەرزىگۈدەك كىچىككىنە تەرەپلىرى بولسىمۇ، سەمىمىيلىك بىلەن بالىنى ماختاش كېرەك.



# چوقۇم قىلالايسەن

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

بالىغا كىيىم كىيىشنى مەشىق قىلدۇرىمىز. بالىلار كىيىمنى كىيەلمەي بىزدىن ياردەم سورىغاندا: «سەن چوڭ بولدۇڭ، ئەمدى كىيىمنى ئۆزۈڭ كىي، چوقۇم كىيەلەيسەن» دېسەك بولىدۇ.



دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىغا ھەرگىزمۇ: «كىيىمنى ئۆزۈڭ كىيىشنى ئۆگەنگىن، كىيىمڭنى كىيسەڭ، ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق سۆزلەر بالىغا «كىيىم كىيسەم مۇكاپات باركەن» دېگەن مەنىنى بېرىپ قويىدۇ. كېيىن ئاتا ـ ئانىسى مۇكاپاتلىمىسا، ھېچقانداق ئىشنى قىلمايدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.



بالىغا نىسبەتەن ئىشەنچ ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ بالىنىڭ داۋاملىق ئىرىشىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان بالا تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىن خۇشاللىق تاپالمايدۇ. بالىدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتا ماختاش بەك مۇھىم. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار ماختاشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىشى، بالىنىڭ تەكەببۇر بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئامال بار بالىنى ماددىي نەرسىلەر ياكى پۇل بىلەن مۇكاپاتلىماسلىقى كېرەك.

www.uyghurkitap.com



## ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك




ئەنگلىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋېل دەريا ساھىلىدا ئۆسمۈرلەر ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى قۇرغان دەريا ئېقىنىنى تەكشۈرۈش مەشىق مەركىزى بار بولۇپ، بالىلارنىڭ جاسارىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، بالىلارغا مەشىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتى.

ھەر يىلى يازدا نۇرغۇن بالىلار بۇ يەرگە كېلىپ، ھەپتىلىك مەشىققە قاتنىشاتتى. ئۇلار بۇ يەردە ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەريا بويىغا باراتتى. مەخسۇس ئادەم ئۇلارغا سۇ ئۈزۈشنى، كېمە ھەيدەشنى، سۇدىكى بىخەتەرلىك ۋە قۇتقۇزۇش ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىتەتتى. مەشىق جاپالىق ھەم جىددىي بولۇپ، بالىلار كېمە ھەيدەش ماھارەتلىرىنى ئىگىلەپ بولاتتى، لېكىن بەزى بالىلار يارىلىناتتى.

بالىلار بۇ يەردە سۇ ئۈزۈش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنەتتى، ئەڭ مۇھىمى ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، جەسۇر روھ يېتىلدۈرەتتى. ئۇلار يەنە ئۆز ئارا ياردەملىشىشنىڭ، دوستانە مۇھەببەتنىڭ، ھەمكارلىشىشنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەتتى.

ئىلگىرى بىر بالا كارل ۋېتىرغا: «ئاتا ـ ئانامنى ھەممە ئىشىمغا ئارىلىشىۋالمىسىكەن دەيمەن. ماڭا كۆيۈندۈم دەپ ھەممە ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىدۇ. شۇڭا دوستلىرىم قىلالايدىغان ئىشنى مەن قىلالمايمەن، دوستلىرىمنىڭ ئالدىدىمۇ يۈزۈم يوق» دېگەنىدى.




ھەممە ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى تەرەپلەردە يېتىشكەن ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىر ئۇزۇن جەريان. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەل ئاتا ـ ئانىلاردۇر. ئاتا ـ ئانىلار ياخشى كۆرۈش نامى بىلەن بالىنى چۈشەپ قويىدۇ. ھەممە ئىشتا بالىغا كۆڭۈل بۆلدۇق دەپ ئۇلارنى چەكلەپ قويىدۇ. بالا ئازراقلا خەتىرى بار ئىشنى قىلاي دېسە، ئاتا ـ ئانىلار جىددىيلىشىپ بالىنى توسىدۇ. لېكىن ئۇلار بالىنىڭ تەۋەككۇل قىلىش روھىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ.

بالىنى ساغلام، ئەقىللىق چوڭ قىلىشتا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى چەكلىۋالماسلىقى كېرەك. بالىلار سىناپ باقسۇن، يۈزلەنسۇن، مەسىلىلەرنى ھەل قىلسۇن. شۇندىلا بالىلار جانلىق، تەۋەككۇل قىلالايدىغان چوڭ بولىدۇ.






# مەن بوكسچى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك قۇم خالتىسى

ئويناش ئۇسۇلى

1. خالتىغا قۇم ياكى كونا گېزىت قاچىلاپ بوكسيور خالتىسى ياساپ ئېسىپ قويىمىز.
2. بالىغا مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇشنى، بەدىنى بىلەن سوقۇلۇشنى ئۆگىتىمىز.
3. قۇم خالتىسى بىلەن بالىنىڭ كۆكرىكى، قورسىقى، يوتا، پاچاقلىرىنى باسىمىز.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

خالتا بەك چوڭ، قاچىلانغان قۇم بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۇ تاپانچىسى

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سۇ تاپانچىسى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئويۇنچۇق سۇ تاپانچىسىغا سۇ تولدۇرۇپ، بالىغا قانداق ئېتىشنى، قانداق قىلغاندا، تېخىمۇ يىراققا، تېخىمۇ تېز ئاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىمىز.

2. بالا بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينايمىز، لېكىن بالىنى باشقا ئادەملەرگە سۇ چېچىشتىن توسۇيمىز.



# كىم ئەڭ تېز يۈگۈرىدۇ

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە كىچىك دوستنى بىللە ئويۇن ئويناشقا تەكلىپ قىلىمىز.

2. پەللىدىن چىقىش سىزىقى، يۈگۈرۈش يولى، ئاخىرقى سىزىقلىرىنى سىزىپ، باللارنى پەللىدە تۇرغۇزىمىز، ئاتا - ئانىلار رېپىر بولىمىز.

3. پۈشتەك چېلىش ياكى كىچىك بايراق ئارقىلىق مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىمىز.

4. كىم ئەڭ بالدۇر ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارالىسا شۇ غەلىبە قىلغان بولىدۇ، باشقا كىچىك دوستلار غەلىبە قىلغان دوستىنى تەبرىكلەيدۇ.



5. مۇسابىقىدىن بۇرۇن باللارغا ئەتتىرىشكە، باشقىلارنىڭ يۈگۈرۈش يولىغا كىرىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى دەپ قويىمىز.



ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈشكە ئېرىشكەن باللار تەدرىجىي ئىشەنچنى، جاسارىتىنى يوقىتىپ، قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق باللارنىڭ تاينىۋېلىش پسىخىكىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنى ئىقتىدارسىز دەپ قارايدۇ. باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ھەرقانداق زەخمىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ، ئەمما زەخىملەنگەن ئىشەنچ بىلەن قوزغىتىلمىغان جاسارەتنى مەڭگۈ تولۇقلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار ھەقىقەتەن باللىرىنىڭ ياخشى بولسۇن دېسە، بالىنى چەكلىۋالماي، بالىنىڭ چوڭ بولۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۆزى قارار چىقىرىش




بىر قېتىم، كىچىك كارل دوستى بىلەن دالىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولىدۇ. كارل ۋېتىر ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ، لېكىن چوقۇم كەچ كىرىشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىشنى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما كىچىك كارل بىلەن دوستى بەك كۆڭۈللۈك ئويناپ كەتكەچكە، ۋاقىتنى ئۇنتۇپ، كەچ كىرگەندە ئاندىن ئۆيگە قايتىدۇ. كارل ۋېتىر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر نېمە دېمەيدۇ. لېكىن كىچىك كارل بىلەن دوستى يەنە ئويناپ كەلمەكچى بولغاندا، كارل ۋېتىر ئۇلارغا: «ئالدىنقى قېتىم دېيىشكەن ۋاقىتتا قايتىپ كەلمىدىڭلار، ئاپاڭ ئىككىمىز بەكلا ئەنسىرىدۇق. نېمە ئىش بولغانلىقنى بىلەلمەي، بەك تىت ـ تىت بولدۇق. ئاپاڭ جىددىيلىشىپ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. سىلەرچە قانداق قىلساق بولار؟» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك كارل ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلمايدۇ.




بالىنى پىرىنسىپقا رىئايە قىلغۇزىدىغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بالىنىڭ ئۆزىگە قارار قىلدۇرۇش. بالا قارار چىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قاتناشسا، پىرىنسىپقا ئاسان رىئايە قىلىدۇ. كارل ۋېتىر بالىسى كەچ قايتقاندا ئەيىبلىمىدى، ئەكسىچە ئىككىنچى قېتىم مۇشۇنداق ئىشقا يولۇققاندا ئۆزىگە قارار قىلغۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاتقۇزدى. بالىنى قارار چىقارغۇچى قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلدى. بۇنداق بولغاندا كىچىك كارل «چۈشىنىش، ئىشەنچ، ۋەدە بېرىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش» قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ مۇھىملىقىنى ئاسانلا بىلىۋالالايتتى. ئەلۋەتتە، كىچىك كارل مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قاتناشقان بولغاچقا، ئاڭلىق ھالدا تەلەپ بويىچە ئىش قىلىدۇ.






# قانچىلىك ئوينايمىز

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق

ئويناش ئۇسۇلى

1. ۋاقىت بىلەن تونۇشۇش ئويۇنى ھەر ۋاقىت ئوينالسا بولىدۇ.

2. بالىلاردىكى ۋاقىت ئۇقۇمى تۇرمۇشتىكى كونكرېت ۋاقىتنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار ناشتىلىق يېگەندە بالىلارغا: «ھازىر ئەتىگەن» دېيىشى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا بالىغا: «ھازىر چۈش، چۈشلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلايمىز» دېيىشى كېرەك.

3. كەچتە بالىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، بالىغا كېچىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرسىتىش، بالىغا قاراڭغۇ چۈشكەنلىكىنى، يول چىراغلىرىنىڭ يېقىلغانلىقىنى، ئاينىڭ چىققانلىقىنى، ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، بالىغا ئەتراپنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۆرسىتىش، كەچنىڭ قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

4. بالىدا ۋاقىت قارىشى شەكىللەنگەندىن كېيىن، بالىنى رەسىمگە قاراپ، رەسىمدىكى ۋاقىتنىڭ قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى سۆزلەتكۈزۈش، ھەم نېمە ئۈچۈن دەپ سوراش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا يەنە بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# نېمە ئۆگىنىسەن

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى رەسىم سىزىش، پىيانىنو، ئۇسسۇل، بوكس، ئىسكىرىپكا، شاھمات قاتارلىق ئالاھىدە سىنىپلارغا ئېلىپ بېرىش.

2. بالىغا ئۆزى قىزىققان نەرسىنى تاللاپ ئۆگىتىش.

3. بالىغا ئەگەر تاللىسا قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتىش.

4. ئەگەر بالا جاھىللىق قىلىپ، ياكى جېدەل قىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇنىمىسا، بالىغا داۋاملىق ئۆگىنىشكە نەسىھەت قىلىش.

5. ئەگەر بالا ئۇ تۈرلەرگە ئازراقمۇ قىزىقمىسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئۆگىنىشكە زورلىماسلىق.



# قەغەز گۈل قىيىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز، قېرىنداش، بالىلار ئىشلىتىدىغان قايچا، شىلىم، سۇ بوياق قەلەم

ئويناش ئۇسۇلى



1. ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن ئاق قەغەزگە ھەر خىل گۈللەرنىڭ شەكىللىرىنى سىزىپ بېرىدۇ.

2. بالىغا بوياق قەلەم بىلەن گۈللەرنى بوياتقۇزىدۇ، بوياقنى گۈلنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

3. بوياپ بولغاندىن كېيىن، بالىغا قايچا بىلەن گۈللەرنى قىيدۇرىدۇ.

4. بالىغا شىلىم بېرىپ، قىيىپ چىققان گۈللەرنى خالىغان يەرگە چاپلاتقۇزىدۇ.





بالىغا قارار چىقارغۇزغاندا بالا ھەددىدىن ئاشسا ياكى جاھىللىق قىلسا باشقىلارغا قانچىلىك ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ئەمما بۇ جەرياننىڭ ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇشى ناتايىن. نېمىلا دېمىگەن بىلەن بالىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم سەۋرچانلىق بىلەن بالىنى مەشقلەندۈرۈشى، ئالدىراپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا قىلغان ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# كۆچلۈك ئىرادە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى زۆرۈر خاراكتېر




بىر قېتىم، كىچىك كارل نورغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ياغاچ پارچىلىرىدىن بىر قەلئە ياسايدۇ. ئۇ ئەمدى دادىسىنى چاقىرىپ كۆرسىتەي دەپ تۇرۇشىغا كىيىمىنىڭ بىر بۇرجىكى قەلئەگە تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى بىر دۆۋە ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. كىچىك كارل يىغلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. كارل ۋېتىر ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «بالام، ئۆزۈڭ دىققەت قىلمىغان ئىكەنسەن، ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق. بىرىنچى قېتىم ياخشى ياسىغان ئىكەنسەن، ئىككىنچى قېتىم چوقۇم ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ياسىيالايسەن، نېمىشقا قايتىدىن يەنە بىرنى ياسىمايسەن؟» دەيدۇ.

كارل ۋېتىر شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى ئېيتماققا ئاسان بولغىنى بىلەن قىلماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كىچىك كارلنىڭ ياسىغىنى خېلى مۇرەككەپ قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم ياساش ئۈچۈن كۆچلۈك ئىرادە ۋە سەۋرچانلىق بولمىسا بولمايتتى. ئەمما كارل ۋېتىر ئوغلىنىڭ چوقۇم قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. كىچىك كارل قەلئەدىن يەنە بىرنى ياساپ پۈتتۈرۈپ، دادىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. كارل ۋېتىر كۆرۈپ ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇ بالىسىنى ئۇنچىلىك چىرايلىق، مۇكەممەل ياسىيالايدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. كىچىك كارل ئىپتىخارلانغان ھالدا دادىسىغا: «دادا، مېنىڭچە بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ ياخشى ياسالدى، چۈنكى مەن ئىككىنچى قېتىم ياسىغاندا ئۇنى كۆپ ئۆزگەرتتىم، ھەم تېز ياسىدىم» دېدى.




قەيسەر ئىرادە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى شوتا، ئادەمدە پەقەت مۇستەھكەم ئىرادە، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھ بولغاندىلا ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. بالىلارنىڭ ئىرادىسى تۇغما بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى تەربىيەلىشى كېرەك. بالىلارنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن، دىققىتىنى يىغىشىمۇ نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا، بىر ئىشقا بولغان قىزىقىشى ئۇزاققا بارمايدۇ ھەم بىر غايىسىدە چىڭ تۇرمايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا بالىنىڭ ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.




# چىدام

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مەشقى قىلغۇزىدۇ.

2. بالىغا يۈگۈرۈشنى باشلاپلا بەك كۆچەپ كەتمەسلىك، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنىڭ چىدامچانلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەك.

3. بالا بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، بالىنى ئاخىرقى پەللىگە يۈگۈرۈپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

4. بالا ئاخىرقى پەللىگە يۈگۈرۈپ بېرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە ئۇنى داۋاملىق يۈگۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئەگەر بالا راستىلا يۈگۈرەلمىسە، بالىنى زورلىماسلىق كېرەك. مەشىق بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىشى كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئويۇنچۇق قۇراشتۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قۇراشتۇرۇش ئويۇنچۇقى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا قۇراشتۇرىدىغان ئويۇنچۇق تەييارلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا خالىغانچە قۇراشتۇرۇشنى ئېيتىمىز.
2. بالا قۇراشتۇرۇپ بولغاندا، چۇۋۇپ قايتىدىن تېخىمۇ ياخشى ياساپ چىقىشنى ئېيتىمىز.
3. بالىغا: «ئاپاڭ بىر قەلئەسى بولۇشنى خالايدۇ، سەن بىرنى ياساپ ئاپاڭغا سوۋغا قىل» دېسەكمۇ بولىدۇ.
4. ئاتا ـ ئانىلار قانداق شەكىلدە ياساشنى تەلەپ قىلسا، قىيىنلىق دەرىجىسىنى بارا ـ بارا ئاشۇرسا بولىدۇ.



# تاغقا چىقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا ئازادە كىيىم، تەنھەرىكەت ئايىغى كىيگۈزىمىز.
2. بالىنى تاغقا ئېلىپ چىقىمىز.
3. بالىنىڭ يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بالا ئاسان چىقالايدىغان تاغنى تاللاش كېرەك.
4. بالىلار ئادەتتە ئازراق چىقا ـ چىقمايلا چىقىشلى ئۇنىمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ئىچى ئاغرىپ ۋاز كەچمەي، بالىنى تاغ چوققىسىغا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەم ئۇنىڭغا تاغنىڭ چوققىسىدا كۆرگەن مەنزىرىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەك.





ئاتا ـ ئانىلار مەيلى قانداقلا ئۇسۇل بىلەن بالىنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرمىسۇن، چوقۇم «باشتا ئاسان، كېيىن قىيىن بولۇش» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. بالىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپە ئۇنىڭ ئىقتىدار دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك، ۋەزىپىنىڭ قىيىنلىقى بالىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئازراقلا يۇقىرى بولسا بولىدۇ. ئەگەر بەك قىيىن بولۇپ كەتسە، بالا داۋاملاشتۇرالمايلا قالماستىن، بالىدا مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىپ، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 4 - بۆلەك

## ساپا- خاراكتېر تەربىيەسى

### 3. مەغلۇبىيەتكە باتۇرانە يۈزلىنىش



ھەممە ئاتا - ئانا بالىسىغا تۈپتۈز يول ئېچىپ بېرىشنى، بالىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئادەم ھاياتىدا ھامان ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا، مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. كېيىن بالىلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا تاقابىل تۇرالىشى، مەغلۇبىيەتتىن تۇگىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىلاردا كىچىكىدىنلا ئوڭۇشسىزلىققا يۈزلىنەلەيدىغان پوزىتسىيە ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشى، ئوڭۇشسىزلىقلارنى بالىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالىلار مەغلۇپ بولۇشتىن قورقمايدىغان، مەغلۇبىيەتكە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنەلەيدىغان بولىدۇ، ھەم ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپالايدۇ.



# باللارنىڭ جەسۇرلۇقىنى قوزغىتىش




بىر قېتىم، كارل ۋېتىرنىڭ قوشنىسىنىڭ قىزى مارىنىڭ شەپكىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ، دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويىدۇ. مارى ھەرقانداق قىلىپمۇ شەپكىنى چۈشۈرەلمەي، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان كىچىك كارلدىن ياردەم سورايدۇ، ئەمما كىچىك كارل رەت قىلىدۇ. بۇنى كارل ۋېتىر كۆرۈپ قالىدۇ، ھەم بالىسىدىن نېمىشقا مارىغا ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. كىچىك كارل: «بەك خەتەرلىك، يىقىلىپ كېتىمەن» دەيدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا قورقماسلىقنى، باتۇر بولۇشنى ئېيتسىمۇ، ئەمما كىچىك كارل يەنىلا قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كارل ۋېتىر چاپىنىنى سېلىپ، دەرەخكە يامىشىدۇ. چىقىپ بولغاندىن كېيىن، شەپكىنى ئالماي تۇرۇپ، كىچىك كارلغا: «قارا، مەن قېرىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنە يامىشالىدىم، سەنمۇ قىلالايسەن، خەتەرلىك ئەمەس، چىقالايسەن» دەيدۇ. دادىسىنىڭ چىققىنىنى كۆرگەن كىچىك كارل سىناپ بېقىشقا ماقۇل بولىدۇ. دەسلەپتە يەنىلا قورقىدۇ، بىراق يۇقىرىغا ياماشقانسېرى قورقمايدۇ. ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا: «ئاسان ئىشكەنغۇ بۇ» دەپ، مارىنىڭ شەپكىسىنى تاشلاپ بېرىدۇ.




ئۈچ ياشتىن بۇرۇن باللار «قورقۇش» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، ھەم نېمە بولسا قىلىپ باققۇسى، تۇتۇپ باققۇسى كېلىدۇ. بىلىشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، باللار خەتەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغان بولىدۇ. بالىنىڭ خەتەرگە دۈچ كەلگەندە باتۇرلۇق قىلىشى ياكى قورقۇنچاقلىق قىلىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پوزىتسىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار «ھەددىدىن زىيادە قوغدىسا» ئۇنداق باللارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار باللارنى قويۇۋېتىپ، «سىناپ بېقىش» قا يول قويسا، جەسۇرراق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







# تەڭپۇڭ ياغاچتا مېڭىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تەڭپۇڭ ياغاچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى مەھەللىدىكى چېنىقىش ئورۇنلىرى ياكى سەيلە ـ تاماشا باغچىلىرىغا ئېلىپ بارىمىز.
2. بالىنى تەڭپۇڭ ياغاچتا ئوينىتىمىز، بالىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ياغاچ ئۈستىدە ماڭغۇزىمىز.
3. بالا ئازراق مەشىق قىلىپ كۆنۈۋالغاندىن كېيىن، بالىنى ئۆزى مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، قولىنى قويۇۋېتىمىز، ئەمما بالىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بالىنى قوغدايمىز.
4. بالىلار كىچىك ۋاقتىدا تاشيولنىڭ گىرۋىكىدە مېڭىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بالىلارغا تەڭپۇڭ ياغاچتا مېڭىشنى مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى ۋاقتى. بۇ مەزگىلدە بالىلار قورقمايدۇ، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭىدۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى خالىمايدۇ.



# ئوماق تۆكقۇرت

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تۆكقۇرت

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا تۆكقۇرت ئويۇنچۇقى ئېلىپ بېرىپ، بالىغا بۇنىڭ ئوماق تۆكقۇرت ئىكەنلىكىنى دەيمىز.

2. بالىنى دالىغا ئېلىپ چىقىپ، تۆكقۇرتنى كۆرگەندە، بالىغا تۆكقۇرتنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بېشى ۋە قۇيرۇقىنىڭ نەدىلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكۈزىمىز.

3. ئاتا ـ ئانىنىڭ پوزىتسىيەسى بالىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار تۆكقۇرتنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتسە ياكى بالىغا يۇقىرى ئاۋازدا «تۇتما، يىراق تۇر» دېسە، بۇ بالىغا تەسىر قىلىدۇ ـ دە، تۆكقۇرتنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق نەرسە دەپ ھېس قىلىپ، قورقۇپ كېتىدۇ. بەلكىم بالا پۈتۈن ئۆمرىدە تۆكقۇرتتىن قورقۇپ ئۆتۈشى مۇمكىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەكرەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئوينىتىش، ئانچە ئېگىز بولمىغان پەلەمپەيلەردىن سەكرەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

2. بالىلار باشتا ئازراق قورقۇشى مۇمكىن، شۇڭا بالىنى ئاۋۋال پاكارراق پەلەمپەيلەردە مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك.

3. بالىنى «يىقىلىپ كېتىسەن» دەپ قورقۇتماسلىق كېرەك. مۇۋاپىق ئېگىزلىكتىكى پەلەمپەيدىن سەكرىسە بالا يارىلانمايدۇ.



4. بەزى بالىلار قارام، قورقماس، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار خېلى ئېگىز پەلەمپەيلەردىنمۇ سەكرەيدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بېكىتىشى، ئەگەر پەلەمپەي بەك ئېگىز بولۇپ كەتسە، بالىنى سەكرەشتىن توسۇش كېرەك.

بالىنىڭ بىلىش جەريانىدا، ئاتا - ئانىنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار دائىم بالىغا «ماۋۇ خەتەرلىك»، «ئاۋۇ خەتەرلىك» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا، بالىلار بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خەتەرلىك ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئىچقىلشتىقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تولىمۇ پايدىسىز.



# جەسۇرلۇق بالىلارنى تېخىمۇ قەيسەر قىلىدۇ




بىر قېتىم، كىچىك كارل دوستلىرى بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقاندا، بىر دوستى دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ بارمىقىنى يارىلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ قولى چىدىغۇسىز قاتتىق ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆڭلىدە «دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن» دەپ چىداپ، دوستلىرى بىلەن داۋاملىق ئويناۋېرىدۇ. كېيىن كىچىك كارل دادىسىغا: «دوستلىرىمغا ئاجىزلىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام بولمايدۇ، ئەگەر يىغلىغان بولسام دوستلىرىم مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالاتتى» دەيدۇ.




كارل ۋىتىر كىچىك كارلغا كىچىكىدىن باشلاپلا باتۇر، چىدامچان بولسا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، قورقۇنچاق، ئاجىز بولسا باشقىلارنىڭ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن. كارل ۋىتىر جاسارەتنى بىر ئادەمنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا بېسىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەپ قاراپ، جاسارەت تەربىيەسى بېرىشنى كىچىك كارلنى تەربىيەلەشتىكى مۇھىم مەزمۇن قىلغان. ئېنىقكى، كارلنىڭ تەربىيەسى كىچىك كارلغا تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






# ئەلەڭگۈچ

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئەلەڭگۈچ

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى ئەلەڭگۈچ ئۇچۇرغىلى ئېلىپ بېرىش، پەسرەك ئەلەڭگۈچنى تاللاش، بىر تانىلىق ئەلەڭگۈچنى تاللىماسلىق.

2. بالىنى ئەلەڭگۈچتە مەھكەم ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى قولىدا ئارغامچىنى تۇتقۇزۇش.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بالىغا ھەمراھ بولۇش.

4. بالىنىڭ يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەلەڭگۈچنى بەك ئېگىز ئۇچۇرماسلىق.

5. بالىلار بىلەن ئوينىغاندا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ياكى چاقچاق قىلىپ، ئەلەڭگۈچنى بەك ئېگىز ئۇچۇرماسلىقنى تاپىلاش كېرەك.



# سۇ ئۈزۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سۇ ئۈزۈش بالونى

ئوييناش ئۇسۇلى

1. بالىنى سۇ ئۈزگىلى ئېلىپ بېرىش، ئاۋۋال بالىغا سۇ ئۈزۈش بالونى تاقاپ ئاندىن سۇغا چۈشۈرۈش.

2. بالا كۆنۈۋالغاندىن كېيىن، بالىنى تېيىز سۇ رايونىغا ئاپىرىپ، سۇ ئۈزۈش بالوننى ئېلىۋېتىپ، بالىغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىش.

3. بالا سۇ ئۈزۈش ماھارەتلىرىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، بالىنى ئۆزى مۇستەقىل سۇ ئۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

4. بەزى بالىلار سۇغا چۈشۈشتىن بەك قورقىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ پوزىتسىيەسى ئىنتايىن مۇھىم، ئەگەر ئاتا - ئانىلار ئۆزى سۇدىن قورقسا، ئۇنداق بالىلار ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تەبىئىيلا قورقىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# مۇز تېيىلىشنى ئۆگىنىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كانكى ئايىغى، قوغدىغۇچ ئەسۋابلىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا كانكى ئايىغىنى ئۆزى كىيىشنى ئۆگىتىش، بالىغا قالپاق، تىزلىق، جەينەكلىك ۋە پەلەي قاتارلىق نەرسىلەرنى تاقىتىش.

2. ئاۋۋال بالىغا توغرا تۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش، ئىككى پۇتنى مۇرە كەڭلىكىدە ئېچىش، ئىككى پۇتنىڭ ئۇچىنى سىرتىغا ئازراق ئېچىش، تىزنى ئازراق ئېگىش، ئۇستۇنكى بەدەننى ئالدىغا ئېگىپ، ئۇدۇل قاراش.

3. كانكى ئايىغىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، مەيدانغا بېرىپ ئامال بار باشتىن - ئاخىر سائەت ئىسترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە تېيىلىش.



4. باشتا بالىغا تېيىلىش، توختاش، ئايلىنىش، سەكرەش قاتارلىق ئاساسىي ماھارەتلەرنى ئۆگىتىش.

5. مەشىق قىلغاندا ھەر 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتتا بىر قېتىم 2~ 3 مىنۇتقىچە دەم ئېلىش كېرەك.



سۇ ئۈزۈش، مۇز تېيىلىش، سۇغا سەكرەش، تەگىپۇڭ كالتەكتە مېڭىش، ئىلەڭگۈچ قاتارلىقلار بىر قەدەر قىيىن، جاسارەت تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتلەر دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بالىلارغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ قىيىن، قورقۇنچلۇق ھېس قىلغۇدەك يېرى يوق. ئۇلار «تەس» بىلەن «ئاسان» نىڭ قانداق نەرسىلىكىنى بىلمەيدۇ. بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ سۇ ئۈزۈش، مۇز تېيىلىشنى ئۆگەنسە، بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۆگەنگەن ھەرىكەتلەر بىلەن چوڭ بولغاندا ئۇچراشقاندا قورقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى كىشىلەردىن ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ.



# باللار ئۆگۈنۈشسىزلىقنى بىشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك




بىر قېتىم، كارل ۋىتىر كىچىك كارلغا ئۈچ قىيىن ماتېماتىكا سوئالى بېرىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋاقىت توشقاندا كىچىك كارل ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سوئالنى ئىشلىيەلمەي ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئىككىنچى كۈنى كارل ۋىتىر ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ ماتېماتىكا سوئالى چىقىرىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ قېتىمقى سوئال ئالدىنقى قېتىمقىدىن ئاسانراق بولسىمۇ، لېكىن كىچىك كارل يەنىلا روھسىز بولۇپ ئىشلىگۈسى كەلمىگەندەك تۇراتتى. كارل ۋىتىر بالىسىدىن نېمە بولغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىزلا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ھېچنېمە ئىشلىگۈسى كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كارل ۋىتىر كىچىك كارل بىلەن ياخشىراق سۆزلىشىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. كارل ۋىتىر سەممىيلىك بىلەن كىچىك كارلغا مۇنداق دەيدۇ: «بالام، سەن ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرمەيسەن ئەمەس، بەلكى تۈنۈگۈنكى سوئاللار سەندە قورقۇش پسىخىكىسى پەيدا قىلىپ قويدى. راست گەپنى ئېيتسام، تۈنۈگۈنكى بىر قانچە سوئالنى مەن ساڭا قەستەن ئىشلەتكەن. مەن پەقەت ساڭا، شۇنچە ئەلاچى بولساڭمۇ، لېكىن قىيىنچىلىققا، ئۈگۈنۈشسىزلىققا ئۇچرايدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدىم، خۇددى سېنىڭ ماتېماتىكا سوئالنى ئىشلىيەلمىگىنىڭدەك، ئەتە يەنە ئىشلىيەلمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئەمما سەن پەقەت ئۆزۈڭنىڭ يەنە نۇرغۇن بىلمەلەرنى ئۆگىنىشىڭ كېرەكلىكىنى بىلىۋالساڭ، تىرىشساڭلا ئۇ سوئاللارنى ئىشلىيەلەيسەن.»

گەرچە كىچىك كارل دادىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قايتىدىن ماتېماتىكىنى داۋاملىق ئۆگىنىش قارارىغا كەلدى. بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، ھېلىقى قىيىن ئۈچ ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى ئىشلەپ چىقتى.




ھاياتنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوڭۇشسىزلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بالىڭىزنى كەلگۈسىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىسۇن، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتسۇن دەپ ئويلىسىڭىز، كىچىكىدىنلا بالىنىڭ پسىخىكىلىق بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈڭ. ياخشى بولغان پسىخىكىلىق بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بالا تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولمايدۇ، بەلكى كېيىنكى تەربىيە، چېنىقىش، تەجرىبە ـ ساۋاقنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاندىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار باللارغا كىچىكىدىن تارتىپ، بەزى ئىشلارنى مۇستەقىل قىلدۇرۇشى، ئازراق قىيىنچىلىق تارتقۇزۇپ بېقىشى، ئازراق زەربىلەرگە ئۇچرىتىپ بېقىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالىنىڭ پسىخىكىلىق بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۈزۈكسىز چېنىقىپ، ئاستا ـ ئاستا يېتىلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئەركە قىلىۋەتكەن باللار ھېچقانداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇنداق باللار ئوڭۇشسىزلىققا، قىيىنچىلىققا يۈزلىنەلمەيدۇ، پەقەت ھەممە كۆڭۈلدىكىدەك مۇھىتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

www.uyghurkitap.com




# ساقلاپ تۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا سۈت ئىچمەكچى بولغاندا ۋاقىتتا، بالىغا: «سۈت بەك قىزىق، سوۋۇغاندا ئاندىن ئىچ» دېيىش.
2. تاشيولدىن ئۆتكەندە، بالىغا: «توختاپ، قىزىل چىراغ يانغاندا ئاندىن ماڭ» دېيىش.
3. ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا، بالىغا قائىدىگە رىئايە قىلىپ ئۆچرەت بويىچە ماشىنىغا چىقىشنى ئېيتىش.
4. سىرتقا چىققاندا، بالىغا ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىلار چىققاندا بىللە مېڭىشنى ئېيتىش.



# توساقتىن ئاتلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك ئورۇندۇق

ئويناش ئۇسۇلى

1. كەڭرى يەرگە، ئىككى تال توغرا سىزىق سىزىش، توغرا سىزىقنىڭ ئارىسىغا تۈز سىزىق شەكلىدە بىر قانچە كىچىك ئورۇندۇق تىزىش.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالا بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، كىمنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىچىك ئورۇندۇقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا بارالايدىغانلىقىغا قاراش.

3. مۇسابىقە جەريانىدا ئاتا ـ ئانىلار ئامال بار بالا بىلەن ئوخشاش كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ساقلاش، بالىنى بەك يىراقتا قالدۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

4. بالىغا بىر قانچە قېتىم يېڭىلىپ بېرىش، بالىنىڭ ئۇدا يېڭىلىپ ئۇمىدسىزلىنىپ، ئويناشنى رەت قىلىشىدىن ساقلىنىش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توپ تاشلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: تىكتاك توپ، كىچىك سېۋەت

ئويناش ئۇسۇلى

1. كىچىك سېۋەتنى بالىنىڭ ئۇدۇلىغا، بىر مېتىر يىراقلىقتا قويىمىز.
2. بالىنىڭ پۇتىغا بىر سىزىق سىزىپ، بالىنىڭ پۇتىنىڭ بۇ سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكىنى ئېيتىمىز.
3. بالىنى سىزىقنىڭ كەينىگە تۇرغۇزۇپ، تىكتاك توپنى كىچىك سېۋەتكە تاشلىتىمىز، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ توپنى سانايدۇ.
4. ئاندىن ئاتا ـ ئانىلار توپ تاشلايدۇ، بالا توپ سانايدۇ.
5. كىمنىڭ سالغان توپى جىق بولسا، شۇ ئۇتىدۇ.
6. تىكتاك توپنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىنى ئالماشتۇرساقمۇ بولىدۇ.



قىينچىلىققا يولۇققاندا ئۇمىدسىزلەنمەسلىك، ھودۇقماسلىق، ئۆزىنى چەتكە ئالماي، ئۇمىدۋارلىق بىلەن يۈزلىنىش، ئۆزىنىڭ بېسىمنى يېنىكلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش، مەسىلىنى ئاكتىپلىق بىلەن ترىشىپ ھەل قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بولغان پسىخكىلىق بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. بالىدا ياخشى بولغان پسىخكىلىق بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە، بالىغا ساقلاشنى ئۆگىتىشتىن باشلاش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.



## مەغلۇبىيەت قورقۇنچلۇق ئەمەس




بىر قېتىم كارل ۋېتىر كىچىك كارل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇچۇن ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەزەلدىن شۇنداق قالتىس كىچىك كارلنىڭ بۇ قېتىم ئىپادىسى پەقەتلا ياخشى بولمايدۇ. دوستلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن نىشانغا تەگكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەكلا روھسىزلىنىپ كېتىدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنى بىر ياققا چاقىرىپ سورايدۇ: «كارل، نېمە بولدى؟ ئارقىدا قالغانلىقىڭدىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ؟»

كىچىك كارل: «شۇنداق، ئۆزۈمنى بەك دۆتتەك ھېس قىلىۋاتىمەن» دەيدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «نېمىشقا بۇنداق ئويلايسەن؟ گەرچە سەن باشقىلاردەك ياخشى ئاتالمىغان بولساڭمۇ، قارىغا ئېتىشنى كۆپرەك مەشىق قىلساڭلا، ياخشى ئاتالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. مېنىڭچە سېنىڭ ياخشى قارىغا ئالالماسلىقىڭ سېنىڭ بۇ جەھەتتە ياخشى ئەمەسلىكىڭدىن ئەمەس، بەلكى پىسخىكا بېسىمىدىن بولغان. سەن باشقا جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە باشقىلاردىن ياخشى، شۇڭا ياخشى ئاتالماي باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغانلىقىڭغا كۆڭلۈڭدە قايىل بولمىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن باشتىلا سەندە روھىي بېسىم پەيدا بولدى، نېمىشقا كەڭ قورساقراق بولمايسەن؟ بۇ دېگەن بەربىر ئويۇن، كىمنىڭ ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇشى مۇھىم ئەمەس». دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كىچىك كارل چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، مۇسابىقە مەيدانىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ شۇنداق ياخشى ئاتىدۇ، ھەر قېتىمدا نىشانغا دەل تەگكۈزىدۇ.




مەغلۇپ بولۇش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى پوزىتسىيە. مەغلۇبىيەت قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى بىر مەغلۇبىيەت بىلەنلا تۈگىشىپ كېتىش. بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىدە نۇرغۇن قېتىم ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. بالىلار مەغلۇپ بولۇپ چۈشكۈنلەشكەندە، ئەڭ موھتاج بولىدىغىنى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىلھامى. بالىلارنى باتۇرلۇق بىلەن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل كەڭ قورساقلىق، يەنى بەزى ۋاقىتلاردا بالىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇش. ئەڭ مۇھىمى ئاتا - ئانىلار بالىلارغا مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، قايتىدىن قەددىنى رۇسلاشنى ئۆگىتىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com








# يىقىلغاندا ئورنىدىن تۇرۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا يېڭى مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، بالىنى ئۆزى مېڭىشقا ئىلھاملاندۇرۇش.

2. ئەگەر بالا يىقىلىپ كەتسە، ئاتا ـ ئانىلار دەرھال بېرىپ يۆلىمەسلىكى، بالىغا بەك يېقىن تۇرۇپ ئاغرىدىمۇ دەپ سورىماسلىقى كېرەك.

3. ئەگەر بالا يىقىلغاندا يىغلىسا، جىددىيلىشىپ كەتمەي، ئاۋۋال بالىنىڭ يارىلانغان ـ يارىلانمىغانلىقىغا دىققەت قىلىشى، ئەگەر يارىلانمىغان بولمىسا، كۈلۈپ تۇرۇپ بالىنى ئورنىدىن ئۆزى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، بالىغا ئۈمىد ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەن نەزەر بىلەن قارىشى كېرەك.

4. يىقىلغاندا ئاتا ـ ئانىلار گەپ قىلماي، كۆز بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىشى كېرەك. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن يىغىدىن توختاپ ئورنىدىن ئۆزى تۇرىدۇ. بالا ئۆزى تۇرغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ماختاشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.



# سەن ئەڭ قالتىس

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا سىنىپتا، باشقا جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن رەسىم سىزىش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق مۇسابىقىلەرگە قاتناشقاندا تارتىنىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، بۇ چاغدا بالىغا سەھنىگە چىقىشتىن قورقماسلىقنى ئېيتىش.

2. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا «سەن چوقۇم غەلىبە قىلىسەن، سەن چوقۇم مۇسابىقىدە ئۆزۈڭنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرالايسەن» دەپ بالىغا ئىلھام بېرىپ، بالىنىڭ مۇسابىقىدىن بۇرۇنقى جىددىيلىشىشىنى يوقىتىش.

3. ئاتا ـ ئانىلار: «مۇشۇنداق كىچىك مۇسابىقىدىنمۇ قورقساڭ، كەلگۈسىدە نېمىمۇ قىلالايسەن!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كەمسىتكەن تەلەپپۇزدا بالىنى تەنقىدلىمەسلىكى كېرەك. بۇ بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە چوڭ زەربە بولىدۇ.

4. ئەگەر بالا مۇسابىقە جەريانىدا ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرالماي قالسا، ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بالىنىڭ مۇسابىقىدىكى ماختاشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، بالىنىڭ ياخشى قىلالماي قېلىشىدىكى سەۋەبلىرىنى تېپىشىپ بېرىپ، بالىنىڭ كېلەر قېتىم يەنە ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلماسلىقىغا ياردەم بېرىش، شۇنىڭدەك بالىغا مەغلۇبىيەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى ئېيتىش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئامال تېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۇبىك

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا كۇبىكتىن ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ياستىش.

2. بالا كۇبىك ياساش جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئاتا ـ ئانىلار ئەھۋالغا قاراپ كۆرسەتمە بېرىش.

3. ئەگەر بالا ئۆزى ئامال تېپىپ ھەل قىلالايدىغان بولسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئۆزى ئامال تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ئۇنىڭ چوقۇم قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىش.

4. ئەگەر قىيىنلىق دەرىجىسى بالىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتسە، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا مۇۋاپىق دەرىجىدە يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ.



بالىغا ھەممە ئادەمنىڭ مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، مەغلۇپ بولۇشنىڭ قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى، پەقەت كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشسىلا بولىدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ كېلەر قېتىم ئوخشاش مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى بالىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەلبىدە بالىسىنىڭ مەڭگۈ ئەڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ بارغانسېرى ياخشى قىلىپ، ھامان بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.



# تىنچ روھىي ھالەتنى ساقلاش




كارل ۋېتر ئىلگىرى كىچىك كارل بىلەن بىللە «تىنچلىنىش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئويۇننى ئويناپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرغان ئىدى. بۇ ئويۇننىڭ قائىدىسى مۇنداق: مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە بىر دۆۋە ياغاچ كالتەك ئىچىدىن بىرنى ئېلىپ يۆتكەيدۇ، باشقىلىرىغا تېگىپ كېتىشكە بولمايدۇ. گەرچە مۇسابىقە قائىدىسى شۇنداق ئاددىي بولسىمۇ، بىراق مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىدىن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى، ياخشى بولغان ھەرىكەت ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كىچىك كارل ئوينىغاندا، دادىسى قانداقلا ئۇسۇل بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تېگىپ كېتىشكە بولمايدۇ، كىچىك كارل ھەر قېتىم بىر كالتەك ئالسا، بىر نومۇرغا ئېرىشىدۇ، ئەگەر دادىسىنىڭ مەسخىرىسىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىسا ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ.

ئويۇن ئوينىغاندا، كىچىك كارل ھەمىشە پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر دۆۋە يېشىل، سېرىق كالتەكلەرنىڭ ئاستىدىكى قىزىل كالتەكنى ئالىدۇ، ئۇ بەكلا بېرىلىپ كەتكەچكە، قوللىرى تىترەيدۇ. بۇ چاغدا كارل ۋېتر ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئىسقىرتىپ، ھەر خىل نەرسىلەرنى دورايدۇ، ھەم توختىماستىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچىدۇ. ئەمما كىچىك كارل ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماستىن، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، مۇسكۇللىرىنى بوشاشتۇرۇپ، نىشانغا مىختەك قادىلىپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۇ باشقا كالتەكلەرگە تەگمەستىن قىزىل كالتەكنى چىقىرىۋالىدۇ. دادىسى كىچىك كارلنىڭ دىققىتىنى چاچماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىگە: «پەقەت كۆز ئالدىمدىكى نىشانغىلا دىققەت قىلىشىم كېرەك» دەپ تۇرىدۇ.




ئويۇن بالىلارنىڭ گۆدەك مەزگىلىدىكى ئاساسلىق پائالىيىتى. كارل ۋېتر ئويۇن ئارقىلىق كىچىك كارلنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرۇشتا، بالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتتى. بالىلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىشى بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئويۇن بالىلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا ئوبدانلا ياردەم بېرىدۇ. ئويۇن ئويناۋاتقاندا، بالىلار ئازدۇرۇشلارغا تېخىمۇ ياخشى قارشى تۇرالايدۇ، قانائەتنى كېچىكتۈرىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ ئويۇنغا بولغان ئېھتىياجى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئويۇننى ياخشى ئويناش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزىنى، ئارزۇسىنى بىر چەتتە قويۇپ قويۇشقا رازى بولىدۇ. ئاڭلىقلىق بىلەن قائىدىگە بويسۇنۇپ، ھەرىكىتىنى ئويۇننىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




## يۈگۈرۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا جېدەل قىلغاندا، ياكى كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ۋاقىتلاردا بالىنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىش.

2. بالىنى قانغۇچە يۈگۈرتۈش.

3. بالا توختىغاندىن كېيىن بالىدىن كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى سوراش.

4. بالىنىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش.



# گۇرۇچ تېرىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 0 ~ 1 ياش

كېرەكلىك نەرسىلەر: گۇرۇچ دېنى، كىچىك سولياۋ بوتۇلكا

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە تال گۇرۇچ دېنى، دىيامېتىرى 2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان سولياۋ بوتۇلكا تەييارلاش.

2. گۇرۇچنى بىر تاختا قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بالىغا گۇرۇچنى تېرىپ، سولياۋ بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە سېلىشنى ئېيتىش.

3. بالا ھەممىنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا گۇرۇچلەرنى تۆكۈپ قايتىدىن تېرىشنى ئېيتىش. بەلكىم بۇ ئويۇننى مەنىسىز ھېس قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ بالىلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 - بۆلەك

## ساپا - خاراكتېر تەربىيەسى

### 4. تەربىيەلەش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ خاراكتېرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ



بالىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ئاتا - ئانىلار بىلەن بىۋاسىتە ھەم زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاتا - ئانىلار بالىلار گۆدەك ۋاقتىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىدىغان ئادەم، شۇنداقلا ئۇلار دورايدىغان ئاساسلىق ئوبيېكت. ئاتا - ئانىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشى، تەربىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشى بالىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا. شۇڭا ئاتا - ئانىلار چوقۇم ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە، يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، بولۇپمۇ بالىغا قوللانغان تەربىيەلەش ئۇسۇلىغا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. بالىنىڭ ياخشى ئۆلگىسىگە ئايلانغاندا، بالا تەربىيەنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدىغان بولغاندا، ئاندىن ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرەلەيدۇ.

# قەلب نۇرلۇق بولسا، ئالۋاستىنى يېڭەلەيدۇ




بىر قېتىم كىچىك كارل دادىسىدىن بۇ دۇنيادا ئالۋاستى بار-يوقلىقىنى سورايدۇ. كارل ۋېتىر ئۇنىڭغا «بار دېسەكمۇ، يوق دېسەكمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كىچىك كارل دادىسىنىڭ جاۋابىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ، چۈنكى دادىسى ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرمىگەن ئىدى.

كارل ۋېتىر كىچىك كارلنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭغا قائىدە سۆزلەپ ئېنىق چۈشەندۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە ئالۋاستى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئالۋاستى بولمايدۇ، ئەمما ئەسكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم ئالۋاستى بار. ھەممە يامانلىقلارنى قىلىدىغان ئەسكى ئادەملەرگە قاراپ باققىنا، ئۇلار ئالۋاستى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار كۈنبويى ھېچ ئىش قىلمايدۇ، يەنە تېخى باشقىلارغا زىيان سالىدىغان يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇلار ئالۋاستى بولماي نېمە؟ بىر ئادەمنىڭ قەلبى نۇرلۇق بولسا، ئۆزى دۇرۇس بولسا، باشقىلارغا ياردەم بەرسە، ئاق كۆڭۈل، باشقىلارنى ئويلايدىغان بولسا ئۇنداقتا ئۇ پەرىشتە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىلا ئويلىسا، يامان ئىشلارنىلا قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئالۋاستى بولىدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ قەلبى نۇرلۇق بولسىلا، رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ، ئالۋاستىنىڭ يامانلىقىنى يېڭەلەيدۇ.»




بالىلار گۆدەك ۋاقتىدا ئۇچرىغان ئىشلار ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر قىلىدۇ. بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە مېڭىسىگە قاچىلانغان قورقۇنچلۇق ھېكايە ۋە ئەپسانىلەر خۇددى ۋىرۇسقا ئوخشاش بالىنىڭ قەلبىدە يامراپ، پسىخىكىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. كارل ۋېتىر ئەزەلدىن كىچىك كارلغا قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرمەيتتى، بالىنىڭ پسىخىكىسىغا پايدىلىق ئەجايىپ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەمما بالىلار تۇرمۇشتا ھامان بەزى قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: جىن، ئالۋاستى دېگەندەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا قورقۇنچ ۋە قايمۇقۇش پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا-ئانىلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بالىنىڭ پسىخىك دوختۇرى بولۇپ، بالىنىڭ قايمۇقۇشلىرىنى يېشىپ بېرىشى، بالىغا ھېكايىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشنى ھېس قىلدۇرۇپ، توقۇلما ھېكايىدىكى رېئال پاكىتنى تاپقۇزۇپ، بالىنىڭ نەزىرىنى قورقۇنچ، قاراڭغۇلۇقتىن گۈزەل رېئال تۇرمۇشقا بۇراش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى ھېكايە

ماس كېلىدىغان يېشى: **1 ~ 6** ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھېكايە كىتاب

ئويناش ئۇسۇلى

1. كەچتە بالىنى كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ، بالىنىڭ يېنىدا يېتىپ، ھېكايە ئېيتىپ بېرىش.
2. بالىغا ئېيتىپ بېرىدىغان ھېكايە ئازادە كەيپىياتتىكى، رىتىمى تېز ئەمەس، كۆڭۈللۈك ھېكايىلەر بولۇشى كېرەك (خەلق چۆچەكلىرى مۇۋاپىق).
3. بالىغا ۋەقەلىكى جىددىي، قورقۇنچلۇق جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەرمەسلىك كېرەك.
4. بالىنى قورقۇتۇپ ئۇخلىتىش ئۈچۈن، «يەنە ئۇخلىمىساڭ ئالۋاستى كېلىپ سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ» دېگەندەك ھېكايىلەرنى توقۇماسلىق كېرەك.



# كىچىك قەھرىمان

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھېكايە كىتاب

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا دائىم قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ياكى قەھرىمانلارنىڭ فىلىملىرىنى كۆرسىتىش. بۇنداق بولغاندا ھېكايىدىكى قەھرىمانلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى تەدرىجىي بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2. بالىغا بۇ قەھرىمانلار بىلەن كارتون فىلىملەردە ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەن قەھرىمانلاردىن زادى قايسىسىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى سىلىشتۇرغۇزۇش.

3. بالىغا قەھرىمانلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش.

4. بالىنى قانداق قىلغاندا قەھرىمان بولالايدىغانلىقىغا يېتەكلەش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇستەقىل ھاجەتكە چىقىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كىچىك چىراغ

ئويناش ئۇسۇلى

1. كەچتە ھاجەتخانا، مېھمانخانىلارغا كىچىك چىراغلارنى قويۇپ قويۇش.
2. بالىنى كەچتە كىچىك تەرەتكە ئۆزى چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئۇخلاش ئالدىدا ھەرگىز جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرمەسلىكى كېرەك، بولمىسا بالا تېخىمۇ قورقۇنچاق بولۇپ كېتىدۇ.
4. بالىغا كەچتە ئۆزى يالغۇز ھاجەتخانىغا بارالىغان بالىلارنىڭ باتۇر بالىلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىش.







ئاتا ـ ئانىلار بالىغا گېپىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى توقۇپ بالىنى قورقۇتماسلىقى كېرەك. مەسىلەن: بالا كەچتە ئۇخلىغىلى ئۇنىمىسا «يەنە ئۇخلىمىساڭ بۆرە كېلىپ سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بالىنى قورقۇتسا، بالا ۋاقتىنچە گەپ ئاڭلىغىنى بىلەن، كېيىن ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىدۇ.



# ماختاش مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك




كارل ۋىتېرنىڭ كەنتىدە لەيئىن ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى، لەيئىن ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ مۇزىكا تالانتى بايقالدى. لەيئىن چوڭ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭغا مەخسۇس مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ ئۆگەتتى. ئوقۇتقۇچى ئۆگەتكەن ھەرقانداق نەرسىنى ئۇ شۇ ھامان ئۆگىنىۋالاتتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى مۇزىكا پېرى دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ، كۆرگەنلا ئادەمگە ماختاپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن لەيئىن زىيادە ماختاشلار ئىچىدە خۇدىنى بىلمەي قالدى.

بىر كۈنى مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى لەيئىنغا مۇزىكا ئىپادىلەش جەھەتتە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇ مۇئەللىمىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە مۇئەللىمنى مازاق قىلىپ: «سىز مۇشۇ سەۋىيەڭىز بىلەن ماڭا دەرس بېرىۋاتامسىز؟» دەيدۇ، مۇئەللىم ئاچچىقىدا خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدۇ. لەيئىن پۇشايمان قىلماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇغما تالانت ئىگىسى دەپ قاراپ مۇزىكا پېشىۋالىرىنىڭ ئەسىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ، ھەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ بېرىشىنى رەت قىلىدۇ. بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن لەيئىن بىر ھاراقكەشكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بىر پارچىمۇ يېقىملىق مۇزىكا ئىشلەپ باقمىغان بولۇپ، ھاراقنى ھەددىن زىيادە كۆپ ئىچكەنلىكتىن قۇلىقى، بىر جۈپ چىۋەر قولى كېرەكتىن چىقىدۇ، ئۇ ھەتتا ئەڭ ئاددىي كىرىش قىسىم مۇزىكىلىرىنىمۇ چالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.




كارل ۋىتېر بالىسىنى زىيادە ماختىمايتتى، باشقىلارنىڭمۇ كىچىك كارلنى زىيادە ماختىشىغا يول قويمايتتى. ھەر قېتىم بىرەرسى كىچىك كارلنى ماختىغاندا، كارل ۋىتېر كىچىك كارلنى كەتكۈزۈۋېتىپ ئۇنىڭغا بۇ ياغلىما سۆزلەرنى ئاڭلاتقۇزمايتتى. كارل ۋىتېر نەسىھەت قىلىسىمۇ، توختىماستىن كىچىك كارلنى ماختايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىشىنى چىرايلىقچە رەت قىلاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇنى «ئادەمگەرچىلىكى يوق» دەيتتى.

كارل ۋىتېر كىچىك كارلغا بىلىملىك ئادەم كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشىدۇ، ياخشىلىق قىلسا تەڭرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ. ئادەملەرنىڭ ماختىشى قانداق ئاسان قولغا كەلگەن بولسا شۇنداق ئاسان كېتىدۇ، ئەمما تەڭرىنىڭ ماختىشىغا ياخشىلىقلىرىڭ جىق بولغاندا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ، تەستە قولغا كېلىدۇ ھەم شۇنداق مەڭگۈلۈك بولىدۇ دەيتتى. كارل ۋىتېر ئوغلىغا دائىم «باشقىلارنىڭ ماختاشلىرى بىلەن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما، ئۆزۈڭنى بىلىشىڭ، ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىشىڭ كېرەك» دەپ تەربىيە بېرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# يەر سۈپۈرۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 4 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: سۈپۈرگە، شازا، قەغەز پارچىلىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئۆيدە بىر قېتىملىق چوڭ تازىلىق قىلىپ، بالىغا ۋەزىپە بۆلۈپ بېرىش، مەسىلەن: بالىنى يەر سۈپۈرۈشكە بۇيرۇش.

2. بالىلارنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ ماسلىششى ۋە مۇسكۇللىرىنىڭ تەرەققىياتى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، بەك ئۇششاق ئەخلەتلەرنى سۈپۈرگۈزمەستىن، چوڭ - چوڭ قەغەز پارچىلىرىنى سۈپۈرگۈزۈش.

3. ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، بالىغا ۋەزىپىنى مۇستەقىل ئورۇنلاتقۇزۇش.

4. بالا سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بالىنى ماختاپ: «بالام، سەن بەك قالتىس» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماستىن، «قوزام ئاپىسىغا ياردەملىشىپ تازىلىق قىلىشىپ بەردى، ئاپاڭ بەك خۇشال بولدى» دېگەندەك كونكرېت مەنىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، بالىغا نېمە ئۈچۈن ماختاشقا ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش.



# قۇچاقلاپ قويۇش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى رەتلەتكۈزۈش.
2. بالا رەتلەپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ بالىنى چىڭ قۇچاقلاپ قويۇش.
3. بالىنى قۇچاقلاش بىلەن بىرگە بالىغا: « ئۆزۈڭنىڭ ئويۇنچۇقلىرىڭنى مۇشۇنداق ياخشى رەتلىيەلىگىنىڭنى كۆرۈپ مەن بەك خۇشال بولدۇم» دېيىش.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىغا بېرىلىدىغان مۇكاپات چوقۇملا ماددىي بۇيۇم بولۇشى شەرت ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قۇچاقلاپ، سۆيۈپ قويۇشمۇ بالىنى ئالەمچە خۇشال قىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆز قىسىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 5 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. سەل چوڭراق بالىلار بەلكىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرىدىغان بەدەن تىللىرى بىلەن ئۆزىنى ماختىشىنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن.

2. بالا ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ئىشلارنى قىلغاندا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا قاراپ كۆز قىسىپ ياكى باش بارمىقىنى چىقىرىپ ماختىسا بولىدۇ.



3. بۇنداق ئۇسۇل بالىغا مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالاپەتلىك تۇيغۇ بېرىپ، ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكەندەك بولمايدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىلار باشقىلارنىڭ بالىسىنى ھەددىدىن زىيادە ماختىشىنى چىرايلىقچە رەت قىلىشى كېرەك.



«ماختاش بالىنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ماختىشى كېرەك. ئادەتتە ئىچ مىجەز، قورقۇنچاق، گەپ ـ سۆزى ئاز بالىلارنىڭ ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ماختىشى مۇھىم، لېكىن ئەسلىدىنلا شوخ، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بالىلارنى ئاشۇرۇپ ماختىماسلىق كېرەك. بالىنى ماختاش ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، بۇنداق بولغاندا بالا ئۆزىنى بىلەلەيدىغان بولىدۇ.



## بالىغا قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرمەسلىك




مەلۇم بىر باستىرنىڭ ئايالى خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەممە نەرسىدىن قورقىدىكەن، قاراڭغۇدىن قورقىدىكەن، يالغۇز قالسا قورقىدىكەن، كەچتە ئۇخلاشقىمۇ پېتىنالمايدىكەن، ئۇخلىسىلا قارا باسىدىكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ئورۇقلاپ ياغاچتەك بولۇپ قاپتۇ. كۆزلىرى پىلىلداپ قالغان بولۇپ، قارىغان كىشىنىڭ ئىچى سىيىرىلىدىكەن. دوختۇرنىڭ كارىل ۋېتىرغا دەپ بېرىشىچە، ئۇ بۇ ئايالنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ ئاخىر شۇنى ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ. ئۇ ئايال كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تەلىم بەرگەن مەلۇم بىر باستىر ئۇنىڭغا دائىم جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكتىن ئۇ مۇشۇنداق بولۇپ قالغانىكەن.

يەنە يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى بىر ياشمۇ خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۆزىنى كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ قىلدىم دەيدىغان قالايمىقان خىياللار ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئاشۇنداق قورقۇنچ چاپلىشىۋالغان بولۇپ، بەكلا بىچارىكەن. دوختۇر ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇ بەش ياش ۋاقتىدا بىر نادان ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇنىڭ كاللىسىغا قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىپتۇ.




يۇقىرىقى ئىككى مىسال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، باللارغا كىچىك ۋاقتىدا ئېيتىپ بەرگەن قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر ئۇلارنىڭ بالىلىقىغا ھەتتا پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. باللاردا روھىي جەھەتتە بىنورماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پىسخىكىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. لېكىن رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا قورقۇنچلۇق، ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا كىچىكىدىلا ھەقىقەتنى ئىزدەش ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كىچىكىدىن دائىم قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان باللار ئاجىز، يىغلاڭغۇ، قورقۇنچاق، قاراڭغۇدىن قورقىدىغان، ئۆيدە يالغۇز قېلىشتىن قورقىدىغان، يالغۇز ئۇخلىيالمايدىغان، ئۇيقۇسى ناچار، ئاسان قارا باسىدىغان، خىيالىي گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com








# يالغۇز ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا ئويۇنچۇق تەييارلاپ بېرىپ، بالىنى ئۆيدە يالغۇز ئوينىتىش.

2. بالىغا ئۆزىنىڭ كىر يۇيىدىغانلىقىنى ياكى تاماق ئېتىدىغانلىقىنى، بىردەمدىن كېيىن بىللە ئوينايدىغانلىقىنى ئېيتىش.

3. ئەگەر بالا ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرسا دەرھال جاۋاب قايتۇرۇش، ئەمما بالىنىڭ يېنىغا دەرھال بارماي، بىردەمدىن كېيىن يېنىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىش.

4. بالىنىڭ يالغۇز ئوينايدىغان ۋاقتىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇزارتىپ، بالىغا ئۆزى يالغۇز ئويناشنى ئۆگىتىش.



# ئادەم ئىزدەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قول چىراغ

ئويناش ئۇسۇلى

1. كەچتە ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن مۆكۈ - مۆكىلەڭ ئويناش.
2. ئۆيدىكى چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ بالا ئونغىچە سانىغاندا ئاتا - ئانىلار مۆكۈنۈش.
3. ساناق ساناپ بولغاندىن كېيىن بالا قول چىراغنى ياندۇرۇپ چوڭلارنى تاپىدۇ.
4. بالىنىڭ بىر يەرلىرىنى ئۇرۇۋېلىپ يارىلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ئويۇننى بىر ئۆيدە ئويناش.
5. ئەگەر بالا ئۇزاققىچە چوڭلارنى تاپالمىسا، ئاتا - ئانىلار ئاۋاز چىقىرىپ بەلگە بېرىش، بالىنى ئۇزاققىچە قاراڭغۇدا يالغۇز قويماسلىق، بالىنىڭ قورقۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۆھەر ئىزدەش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قەغەز يەشىك، ھەر خىل ئويۇنچۇق، ئەدىيال قاتارلىقلار

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئۆينىڭ كەڭرى يېرىگە قەغەز يەشىك، ئويۇنچۇق ۋە باشقا نەرسىلەردىن تونېل، قەلئە قاتارلىقلارنى ياساپ بىر قىسىم ئويۇنچۇقلارنى غەلىتە ھايۋانلارنىڭ سىياقىدا تىزىپ قويۇش.

2. بالا ياخشى كۆرىدىغان مەلۇم ئويۇنچۇقنى «گۆھەر» دەپ، ياسىغان قەلئەنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇش.

3. بالىنىڭ ئۈستىگە ئەدىيالنى ئارتىپ، كارتون فىلىمدىكى ئوبرازلارنى دوراتقۇزۇش، ئوبرازنى بالىنىڭ ئۆزىگە تاللىتىش.



4. بالىغا تونېلىدىن ئۆتۈپ غەلىتە ھايۋانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، قەلئەگە بېرىپ گۆھەرنى تاپىدىغان جەرياننى رول ئېلىپ ئوينايدۇ.

5. بالىنىڭ ئويۇن جەريانىدا ئىشلەتكەن سۆزلىرىگە دىققەت قىلىش، بالىغا «مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن»، «سېنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىۋېتىمەن» دېگەندەك قەبىھ سۆزلەرنى دېگۈزمەسلىك.

ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندە ھېكايىدىكى مەزمۇنلارنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك، «چىن تۆمۈر باتۇر» غا ئوخشاش ھېكايىلەرنىڭمۇ قورقۇنچلۇق يەرلىرى بار، ئەمما ئاخىرى ياخشى، ھېكايىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى يېنىك، يېقىشلىق بۇ خىل ھېكايىلەر بالىغا ناچار تەسىر بەرمەيدۇ. ئەمما بىر قىسىم قورقۇنچلۇق، كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ھېكايىلەرنى بالىغا ئېيتىپ بەرمەسلىك كېرەك. بۇنداق ھېكايىلەر بالىنىڭ پسىخكىلىق بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كېتىپ بالىغا يامان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.



# بالىنى ئائىلە ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش




كارل ۋىتېر ئەر - خوتۇن كىچىك كارلنى ئائىلە ئىشىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالاتتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر تۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇراتتى. كارل ۋىتېر بۇنى بالىدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قارايتتى. كارل ۋىتېر ئەر - خوتۇن كىچىك كارلنىڭ قەلب سۆزىگە، ھېس - تۇيغۇلىرىغا قۇلاق سېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنىمۇ كىچىك كارلغا سۆزلەپ بېرەتتى.

كارل ۋىتېر دائىم كىچىك كارلنىڭ «ئاپا نېمە بولدۇڭ؟ نېمىگە خاپا بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ سوراشلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇنداقلا كارل ۋىتېر بۇنى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان كۆيۈنۈشىنىڭ بىر شەكلى، ئاتا - ئانىلار ئىلھاملاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارايتتى. ئەمما نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ بۇنداق سوئاللىرىغا «خاپا ئەمەس» ياكى «بۇ دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشى، كىچىك بالا ئارىلاشسا بولمايدۇ» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىدۇ. ئاتا - ئانىلار ھەمىشە بالىنى ئائىلىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىسا، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بالىدا «ئائىلىدىكى ئىشلار بىلەن مېنىڭ ئالاقەم يوقكەن، كىيىمنى كىيىپ، تاماقنى يېسەملا بولىدىكەن» دېگەن تۇيغۇ شەكىللىنىدۇ.




ئاتا - ئانىلار بالا تېخى كىچىك، چوڭلارنىڭ ئىشىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قاراپ، باللار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرمايدۇ. بۇنداق قىلىشنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. ئائىلە ئىشلىرىنى باللارغا دەپ بەرگەندە، ئۇلارغا زىممىسىدىكى بۇرچنى ھېس قىلغۇزغىلى، شۇنداقلا ئۇلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار مۇۋاپىق ھالدا باللار چۈشىنەلەيدىغان ئىشلارنى باللار بىلەن ئورتاقلاشقاندا، بالىنىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا باللار ئۆزىنى ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن باراۋەر ھېس قىلىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چوڭلارنىڭ غېمىنى يېيەلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# پىلان تۈزۈش

ماس كېلىدىغان يېشى: 4 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بايرام كەلگەندە بالا بىلەن بىرلىكتە دەم ئېلىش كۈنىنىڭ پىلانىنى تۈزۈش.
2. بالىنى بايرامدا قانداق ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى دەپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىش.
3. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا ياردەملىشىپ قەغەزگە يېزىش، ئاندىن بالىغا بايرامدا بارىدىغان يەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش.
4. بالا بىلەن بىرلىكتە پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولامدۇ ـ يوق دېگەننى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەمەلىي بولمىغان يەرلەرنى ئۆزگەرتىش.



# ئاپاڭنىڭ كۆڭلى يېرىم

ماس كېلىدىغان يېشى: **2 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

**1**. ئاپا بالىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇش.

**2**. مەسىلەن: بالىغا «بالام قانداق قىلىش كېرەك، بۈگۈن مەكتەپتىن قايتىدىغانىدا، يەسلىدىكى مۇئەللىمىڭگە خوش دېمىدىڭ، مەن سېنى ئەدەپسىزدەك ھېس قىلىپ قالدىم، كۆڭلۈم يېرىم بولدى!» دېيىش كېرەك.

**3**. بالىنى باغرىغا بېسىپ بالىغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاتقۇزۇش.

**4**. ئەگەر بالا جاۋاب بېرەلمىسە بالىغا «ئەتە مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغدا مۇئەللىمگە خوش دېيىشنى ئۇنتۇپ قالامسەن ـ ياقمۇ؟» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بالىغا بېشارەت بېرىش.

**5**. بالا بۇنداق ئۆزئارا يېقىنلىششقا بەك قىزىقىدۇ، ئادەتتە دىققەت قىلمايدىغان ئىنچىكە تەرەپلەرنىمۇ ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.



# كۆكتات ئادالاش



ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: كۆكتات

ئويناش ئۇسۇلى

1. چوڭلار تاماق ئېتىدىغان ۋاقىتتا بالىغا كىچىك ئورۇندۇق تەييارلاپ بېرىش.

2. بالىغا ئولتۇرۇپ كۆكتات ئاقلاپ بېرىشنى ئېيتىش.

3. بالىغا بەرگەن ئاقلاشقا ئوخشاش ئاددىي ۋەزىپىلەرنى بۆلۈپ بېرىش.

4. كۆكتاتنى ئادالاپ بولغاندىن كېيىن بالىنى ئەخلەتلەرنى تۆكۈپ، ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇش.



بالىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش مۇنداق بىر خىل قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ: يەنى ئۆزىدىن ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئائىلىدىن جەمئىيەتكە، كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئىشلارغا، كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا يۈزلىنىدۇ. بالىنى ئائىلە ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغاندا بالىدا غوجايىنلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل مەسئۇلىيەت كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بالىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئېشىپ، ئىشلارنى زىممىسىگە ئالالايدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بالىنىڭ ئورۇنسىز جېدەللىرىگە پەرۋا قىلماسلىق




كىچىك كارلىنىڭ ئىككى ياشقىمۇ توشمىغان ۋاقتى ئىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ پېچىنە يېگۈسى كېلىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمدىلا كەچلىك تاماق يەپ بولغان بولغاچقا، كارل ۋېتىر ئۇنى پېچىنە يېگىلى قويماپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پېچىنە بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يەردە يېتىۋېلىپ، يىغلاپ جېدەل قىلىشقا باشلاپتۇ. كىچىك كارلىنىڭ ئاپىسى چىداپ تۇرالماي، پېچىنىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا: «بولدى بالام، يىغلىما، ساڭا پېچىنە بېرەي» دەپتۇ. كىچىك كارل جېدەل قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر پېچىنە يەپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا كارل ۋېتىر ھېچنېمە دېمەپتۇ، ئەمما ئۇ بالىسىنىڭ جېدەللىرىنىڭ يوشۇرۇن تەھدىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ.

كېيىن كارل ۋېتىر ئايالى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئويىنى ئېيتىپتۇ. كارل ۋېتىرنىڭ ئايالىمۇ كىچىك كارلىنىڭ يىغلاپ جېدەل قىلىش ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسگە ئېرىشكەنلىكىنى، كېيىن ئۇ يەنە نېمىنى خالىسا داۋاملىق يىغلايدىغانلىقى ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرى تەرەپتە تۇرۇشنى قارار قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كارل ۋېتىرنىڭ ئۆيىدە بۇنداق ئىش ئىككىنچى يۈز بەرمەپتۇ. كىچىك كارل ھەرقانچە يىغلاپ جېدەل قىلغان تەقدىردىمۇ، مەيلى ئۇ ئويۇنچۇق ياكى يېمەكلىك بولسۇن ئۇ ئېرىشسە بولمايدىغان نەرسىلەرگە قەتئىي ئېرىشەلمەيدىكەن.




ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالا بىلەن قانداق چىقىشىپ ئۆتۈشى بالىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ئۆتۈشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بالا كىچىكىدىن يىغلاش ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ ئۆگەنسە، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ قوپال ۋاستىلەر ئارقىلىق باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى ئىشنى يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەممە ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە كۆيۈنىدۇ، ئەمما ۋاقىت بىلەن ئىشنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. ئەگەر بالا ئورۇنسىز يىغا ئارقىلىق ئېرىشسە بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشمەكچى بولسا، ئاتا ـ ئانىلار باغرى تاشلىق بىلەن بالىغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەك، مەيلى بالىلار قانچىلىك يىغلاپ جېدەل قىلمىسۇن، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ بىختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلسىلا بولىدى، ھەرگىز باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولماسلىق كېرەك. بالا بىر قېتىم يىغلاپ غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بالا قوپال، ئەدەپسىز ياكى يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com








# ۋاقتىدا ئۇخلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا مۇقىم ئويناش، ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەپ بېرىش.
2. بالىنىڭ ئۇخلاش ئالدىدىكى پائالىيەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، بالىغا زىيادە غىدىقلايدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان ئويۇنلارنى ئويناتماسلىق.
3. ھەر كۈنى مۇقىم ۋاقىتتا، بالىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش.
4. بالىنىڭ باشقا تەلەپلىرىنى رەت قىلىش، ئۇخلاش ۋاقتى توشقاندا چوقۇم بالىنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ ئۇخلىتىش.
5. ئەگەر بالا يىغلاپ جېدەل قىلسا، بالىنى كارىۋاتتا قويۇپ قويۇپ، كارى بولماسلىق، بالىغا يىغلىغانىنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى، ئۇخلايدىغان چاغدا باشقا ئىش قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش.



# ميۋە پارچىلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ھەر خىل مېۋە، پەتنۇس

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىغا بىر يۇرۇش بالىلار ئىشلىتىدىغان سولياۋ قەلەمتىراچ تەييارلاپ بېرىپ، بالىغا ئۆزى ياقتۇرىدىغان مېۋىلەرنى تالлاپ، يۇيۇشنى ئېيتىش.



2. بالىغا ئۆزى ياقتۇرغان بويىچە مېۋىلەرنى پارچىلىسا بولىدىغانلىقىنى، ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدە، كىۋادرات شەكىلدە، پەلەمپەي شەكىلدە، قەلەمچە شەكىلدە قىلىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىش.

3. بالىغا ئۆز قولى بىلەن ئۆزى ياقتۇرىدىغان قىياملارنى تالлاپ، بىر تەخسە مېۋە سالات ئېتىشنى ئېيتىش.



مۇزىكا ئاڭلاش، ئويۇن ئويناش، ھەرىكەت قىلىش بالىنى ئوبدانلا تىنچلاندۇرىدۇ. بىر قىسىم بارماق بىلەن قىلىدىغان ئىنچىكە ھەرىكەتلەرمۇ بالىنى تىنچلاندۇرالايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بالىغا مۇشۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىتىش، ھەم بالىغا كۆڭلى پاراكەندە بولغاندا، ئاچچىقلانغاندا مۇشۇ تۈردىكى ئويۇنلارنى ئويناپ كەيپىياتىنى تەڭشىسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 - بۆلەك

## ساپا - خاراكتېر تەربىيەسى

### 5. ياخشى خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بەك مۇھىم

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بەزى كىشىلەر بالا تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا قاتتىق تەلەپ قويسامۇ كېچىكمەيمەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ تولىمۇ خاتا قاراش بولۇپ، بالا يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئۇنى تۈزىتىش بەك قىيىن. چۈنكى بالىدا ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان ئادەتنى ئۆزگەرتىمەن دېسە، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن چەتكە قېقىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ. بالىلارنى كىچىكىدىن توغرا پرىنسىپقا ئەمەل قىلدىغان قىلىپ تەربىيەلىسە، چوڭ بولغاندا يامان تەسىرگە ئۇچرىسىمۇ، ئۇلاردىكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچى بىلەن يامان تەسىردىن مۇداپىئە قىلالايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىچىكىدە يېتىلگەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بالىلارنىڭ مۇداپىئە قورغىنى بولىدۇ.





# ئادەم ئاچ كۆز بولماسلىقى كېرەك




كارل ۋېتىر كىچىك كارلدا ئاددىي ـ ساددىلىقنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ دائىم كىچىك كارل بىلەن يەر شارىدىكى تەبىئىي بايلىقلار توغرىسىدا سۆھبەتلىشەتتى. كىچىك كارلغا مىتال، ياغاچ ۋە قەغەزلەرنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ بايلىقلارنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئەگەر كىچىك كارل نەرسىلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىپ ياكى بىخەستىلىك قىلىپ بۇزۇۋەتسە، كارل ۋېتىر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوڭشىتاتتى.

قانائەت ئاددىي ـ ساددىلىقنىڭ ئاساسى. «يېتەرلىك بولسىلا شۇ كۇپايە» دەيدىغان پوزىتسىيە ئاددىي ـ ساددا خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كارل ۋېتىر ھەمىشە مۇشۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن كىچىك كارلغا ئاچ كۆز بولماسلىق تەربىيەسىنى بېرەتتى. كارل ۋېتىر ھەمىشە كىچىك كارل بىلەن ئاددىي ـ ساددىلىقنىڭ قانداق قىلىپ ئادەمگە چەكلەش ئەمەس بەلكى ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشەتتى. ھەممىمىز بايلىقنى ياخشى كۆرىمىز، لېكىن بايلىقنى ياخشى كۆرىمىز دەپلا مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ كەتسەك بولمايدۇ، چۈنكى مال ـ دۇنيا تۇرمۇشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي مەنىلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.




بالىدا تېجەشلىك بولىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بالىغا ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشنىڭ بەكمۇ مەنىلىك بولىدىغانلىقىنى، ئادەم ئاچ كۆزلۈك قىلمىسىلا قانائەتلىنىدىغانلىقىنى، قانائەت تاپقاندىن كېيىن ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ھەرگىز مەنىسىز تۇيۇلمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا پۇلدارلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. چوڭلار ماددىي ئىستەك ئالدىدا ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا كونترول قىلالايدۇ، ئەمما بالىلار ئوخشىمايدۇ. ئەگەر بالىلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى كۆرۈپلا قالسا، يىغلاپ جېدەل قىلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئۆزىنىڭ ماددىي ئېستىكىنى قاندۇرغۇزىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ. ئەمما بۇ بالىلاردىكى ماددىي ئىستەك خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىپ، بالىلاردا تېجەشلىك بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش قىيىنغا توختايدۇ. گەرچە بالىلارنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلار توغرا يېتەكلىيەلىسىلا، بالىلارنى گەپ ئاڭلايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com








# ئويۇنچۇق رېمونت قىلىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: بۇزۇق ئويۇنچۇق، رېمونت ئەسۋابلىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بۇزۇپ قويغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ كېلىش.
2. بالا بىلەن بىرلىكتە ئويۇنچۇقنى رېمونت قىلىش.
3. بالىنى ئامال قىلىپ ئويۇنچۇقنى رېمونت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، مەسىلەن: قونچاقنىڭ كىيىمىنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە قانداق قاداش، ئويۇنچۇق ماشىنىنىڭ ۋىنتىلىرى چۈشۈپ قالسا، قانداق قۇراشتۇرۇش دېگەندەك.
4. ئەڭ ياخشىسى بالىلارغا يۇرۇشلەشكەن مەخسۇس بالىلار ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى ئېلىپ بېرىش، بالىلار رېمونت قىلىۋاتقاندا، ئاتا - ئانىلار ھەر ۋاقىت بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.



# ئوخشاش ئويۇنچۇقنى تەكرار سېتىۋالماسلىق

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا بىلەن بازار ئايلانغاندا، ئەگەر بالا «ئويۇنچۇق ئالىمەن» دېسە، ئاتا - ئانىلار دەرھال ماقۇل دېمەسلىكى كېرەك.

2. بالىغا ئويۇنچۇقنى ياخشى قاراپ بېقىشنى، ئەگەر ئۆيدە بار بولسا يەنە سېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىش كېرەك.

3. ئەگەر بالا ئۆيدىكى بىلەن بۇ يەردىكىسى ئوخشىمايدۇ دېسە، ئاتا - ئانىلار بالىغا گەرچە ئازراق ئوخشىمىسىمۇ، «ئۆزۈڭ ئۆزگەرتىپ ئوخشاش قىلساڭ بولىدۇ» دېيىش.

4. بالىنى ئۆيدىكى ئويۇنچۇقنى ئۆزى قول سېلىپ سودا سارىيىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بالا ئۆزى ياساپ چىققان نەرسىگە تېخىمۇ بەك قىزىقىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

# كىچىك ساخاۋەتچى

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئوييناش ئۇسۇلى

1. ئەگەر قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە پۇل، نەرسە ـ كېرەك ئىئانە قىلىدىغان ئىشلارغا ئۇچرىغاندا، بالىنى ئۆزىنىڭ پارچە پۇللىرىنى، ئويۇنچۇق، كىيىم ـ كېچەك، كىتاب قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئىئانە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2. بالىغا ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، بالىغا ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش.

3. خەۋەر، سۈرەتلىك ماتېرىيال دېگەندەك نەرسىلەرنى تېپىپ، بالىغا ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنىڭ نەقەدەر بىچارە ئىكەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلغۇزۇش.



4. بالىغا پۇلنى ھەقىقىي ئېھتىياجلىق يەرگە ئىشلىتىشنى، بىر قانچە قۇر كىيىم بىلەن بىر نەچچە ئويۇنچۇقنى ئاز سېتىۋېلىپ، تېجەپ قالغان پۇلنى ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە ئىئانە قىلسا بولىدىغانلىقنى ئېيتىش كېرەك.

5. بالىنى ئىئانە قىلىشقا قاتناشتۇرۇپ، باشقىلارغا ياردەم قىلسا قانداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقنى بالىنىڭ ئۆزىگە ھېس قىلدۇرۇش.



بالىغا تېجەشلىك بولۇش بىلەن پېخسىقلىقنىڭ باشقا ـ باشقا ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمىگەنلىكنىڭ پېخسىقلىق قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا تېجەشلىك بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. تېجەشلىك بولۇش گۈزەل پەزىلەت، ئۇ پېخسىقلىق بىلەن ئوخشىمايدۇ. پۇلنى قالايمىقان خەجلىمەي، ھەقىقىي ئېھتىياجلىق يەرگە خەجلەش كېرەك.



# ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك




كىچىك كارل ئالتە ياش ۋاقتىدا، دادىسى ئۇنى ئېلىپ بىر يەرگە مېھمان بولۇپ بارىدۇ. ناشتا قىلىۋاتقاندا كىچىك كارل ئېھتىياتسىزلىقتىن سۈتتىن ئازراق تۆكۈۋېتىدۇ. كارل ۋېتىرنىڭ ئائىلە قائىدىسىدە بىر نەرسە تۆكۈۋەتكەنلەر جازالىناتتى. شۇنىڭ بىلەن كىچىك كارل پەقەت بولكا يەپ سۇلا ئىچىدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھىبخان ئۇنىڭغا: «كېرەك يوق، ھېچنېمە بولمايدۇ، ئىچىۋەرگىن» دەيدۇ، ئەمما كىچىك كارل قەتئىي ئىچكىلى ئۇنىمايدۇ. كارل ۋېتىر بۇنى ساھىبخانغا چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، بالىسنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ساھىبخانغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما ساھىبخان كارل ۋېتىرنىڭ تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى بەك قاتتىق بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ قارايدۇ. كارل ۋېتىر چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك كارل مەندىن قورقۇپ ئىچكىلى ئۇنىماۋاتقىنى يوق، ئۇ كۆڭلىدە بۇنى ئۆزىنى چەكلەيدىغان قائىدە دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ قائىدىگە قەتئىي بويسۇنىدۇ.»

لېكىن ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىكىلەر يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. كارل ۋېتىر ئۆزى تېشىغا چىقىپ، كىچىك كارلنى كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ساھىبخان مۇلايىملىق بىلەن كىچىك كارلنى پېچىنە يېيىشكە، سۈت ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ: «مەن داداڭغا دەپ قويمايمەن، خاتىرجەم يەۋەرگىن!» دەيدۇ، ئەمما كىچىك كارل يەنىلا يېمەيدۇ، ھەم ئۇلارغا: «دادام كۆرمىگەن بىلەن تەڭرى كۆرۈپ تۇرىدۇ، مەن يالغان گەپ قىلسام بولمايدۇ» دەيدۇ. ئالتە ياشلىق بالىنىڭ بۇنچىلىك ئۆزىنى تۇتالايدىغانلىقىنى كۆرگەن ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىدۇ.




بالىلىق مەزگىل بالىلاردا خاراكتېر يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت. بۇ مەزگىلدە بالىلارنىڭ خاراكتېر يارىتىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، پەقەت ئاتا - ئانىلار بالىلارنى قاتتىق تەربىيەلەيدىغانلا بولسا بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بالىنىڭ ياخشى خاراكتېرىنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بالىغا ھېسسىياتنىڭ بەدىنىدىكى ئىنكاسلىرىنى بىلدۈرۈش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۇلارغا ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بالىدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى شەكىللەنگەن چاغدا، بەزى ياخشى بولماي قالغان ئىشلارغىمۇ تەمكىنلىك بىلەن بىمالال يۈزلىنەلەيدۇ. ئېزىقتۇرۇشلارغا قەتئىيلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بۇلار بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com








# مۆكۈ - مۆكۈلەك

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار بالىغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، بالىلار تاپالمايدىغان يەرگە مۆكۈش، مەسىلەن: پەردىنىڭ ئارقىسى دېگەندەك.

2. كىچىكرەك بالىلار قانداق ئىزدەشنى بىلەلمەسلىكى مۇمكىن، ئاتا - ئانىلار ئاسلان، كۆچۈك دېگەندەكلەرنى دوراپ بالىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئىزدەشكە كۆرسەتمە بېرىش.

3. بالا چوڭلارنى تاپقاندىن كېيىن رولنى ئالماشتۇرۇپ بالىلار مۆكۈنسە، ئاتا - ئانىلار تېپىش.

4. بالىغا ئاتا - ئانىلار تېپىشتىن بۇرۇن چىقماسلىقنى، ئاتا - ئانىلار ئۇتتۇرغانلىقنى تەن ئالغاندا ئاندىن چىقسا بولىدىغانلىقنى دېيىش كېرەك.

5. ئاتا - ئانىلار ۋاقىتنى قەستەن ئارقىغا سوزسا بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بالىغا خەتەرلىك جايلارغا مۆكۈنسە بولمايدىغانلىقنى ئالدىن دەپ قويۇش كېرەك.



# سزىپ بولۇپ يېپىش

ماس كېلىدىغان يېشى: 3 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: رەسىم سىزىش قوراللىرى، كەمپۈت

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالا رەسىم سىزىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىر تال كەمپۈت بېرىش.

2. بالىغا رەسىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن سىزىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بەش تال كەمپۈت بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ھازىر يەيمەن دېسە، پەقەت بىر تالىلا بېرىدىغانلىقىنى، رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن كەمپۈت بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىش.

3. ئەگەر بالا قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىپ رەسىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن سىزمىسا، رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىنمۇ پەقەت بىر تالىلا كەمپۈت بېرىلىدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرۇشى، بالىغا بەرگەن ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياغاچ باش ئادەم

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

ئوييناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن بىللە ئويۇن ئويناىدۇ. ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

2. ئاتا ـ ئانىلار مۇنداق دەيدۇ: «بىر، ئىككى، ئۈچ، ھەممىمىز ياغاچ باش ئادەم». ئاندىن ھەممىسى مىدىرلىماي جىم تۇرىدۇ، كىم بالدۇر مىدىرلىسا شۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

3. جىق بالىلار بىرلىكتە ئوينىسا رىقابەت بولىدۇ ـ دە، بالىلار ئۆزىنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى بىلىۋالالايدۇ.




بالا يېگىدىن تەتۈرلۈك قىلىشنى، غەلۋە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشى كېرەك. بالىلار غەلۋە قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىزمۇ ئاچچىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلماسلىقى كېرەك. بۇنىڭ بالىغا ئەكس تەسىرى بولىدۇ، ياكى قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ، ياكى گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئىنكاس قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بالىنى ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندۇرۇش كېرەك.

# ئېرىشىش بىلەن ۋاز كېچىش سەنئىتى




كىچىك كارلىنىڭ سەككىز، توققۇز ياش ۋاقىتلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز دادىسىغا تىل، ماتېماتىكا ئۆگەنگۈسى يوقلۇقىنى، باتۇر سامۇراي، داڭلىق گېنېرال بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. كارل ۋېتىر كىچىك كارلىنىڭ قەھرىمان بولۇش ئارزۇسىنى چۈشىنەتتى، چۈنكى بۇ ھەرقانداق بالىدا بولىدىغان نورمال ئىش ئىدى. ئەمما كارل ۋېتىر بالىسىنى چوقۇم توغرا يېتەكلەش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

كارل ۋېتىر بالىسىغا شەرققە بېرىپ ئۇستاز تۇتۇپ، گۇمپا ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. كىچىك كارلىنىڭ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ داۋاملىق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئۇرۇش قىلغان گېنېراللارلا قەھرىمان بولىدىغان ئىش يوق، ھەممە ساھەدىن قەھرىمان چىقىدۇ. ئەگەر سەن يازغۇچى بولساڭ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن غايەت زور روھىي بايلىق يارىتالايسەن، ئەگەر كەشپىياتچى بولساڭ، ئىنسانلارغا نۇرغۇن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ياساپ بېرەلەيسەن. پەقەت سەن ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭنى جارى قىلدۇرساڭلا، ئۆز ساھەيىڭنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىسەن. ساڭا ماس كەلمەيدىغان ئىشلاردىن دادىللىق بىلەن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىگە ھەقىقىي يۈزلىنەلەيدىغان ئادەملا ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ». كىچىك كارل دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، يەنى ئۇ قەھرىماننىڭ مەنىسىگە قارىتا ھەقىقىي تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئېرىشىش بىلەن ۋاز كېچىش قائىدىسىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىدۇ.




ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاپ قويماسلىقى، بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى، بالىلارنى ئۆز ئارزۇسىدىكى تالانت ئىگىسى بولۇشنى چەكلىمەسلىكى كېرەك، شۇنداقلا بەك بالدۇر بالىنىڭ كەسپىي نىشانىنى بەلگىلەپ قويماسلىق ھەم بالىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، بالىنىڭ ئۆزىنى تونۇشقا ئۆگەنسە ئاتلىنىشقا قاراپ تۇرماسلىق لازىم. بالىلار ئۆزىنىڭ توغما ئالاھىدىلىكى بىلەن قىلچە ماس كەلمەيدىغان ئىشلارغا قىزىقىپ قالغاندا، ئاتا ـ ئانىلار مەسئۇلىيەتچانلىق، سەۋرچانلىق بىلەن، ئېرىشكىلى بولىدىغانلىرىغا ئامالىنىڭ بارىچە ئېرىشىش، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىكلىرىدىن كەسكىنلىك بىلەن ۋاز كېچىشنى تاللىشىغا ياردەم قىلىشى كېرەك. بالىلارغا ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار مەسىلىلەرنى ئەمەلىي ئويلاشنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com








# مەن كىم

ماس كېلىدىغان يېشى: **1 ~ 3** ياش

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئەينەك

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان توغرا قارىشى ئۆزىنى تونۇش ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تونۇشىدىن باشلىنىدۇ، شۇڭا بالىغا ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇتۇش كېرەك.

2. بالىغا بالىنىڭ ئىسمى، يېشى، جىنسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۆينىڭ ئادرېسى، ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرى قاتارلىقلارنى ئېيتىپ بېرىش، بىلدۈرۈش كېرەك.

3. ئاتا - ئانىلار بالىدىن داۋاملىق يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى سوراپ، بالىنىڭ ئېسىدە قالدىمۇ - يوق، راۋان جاۋاب بېرەلەمدۇ - يوق دېگەنلەرنى بىلىپ بېقىشى كېرەك.

4. بالىنى ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيتىش، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا بەدىنىدىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يەرلىرىنى دەپ بەرسە بولىدۇ، مەسىلەن: قۇلىقىنىڭ كەينىدىكى كىچىك خال دېگەندەك.



# بۇ كىمنىڭ

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەر خىل نەرسىلىرى

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يىغىپ بالىنىڭ ئالدىغا قويۇش.
2. بالىغا: «بۇ نەرسىلەرنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئەگەر بىلسەڭ بۇلارنى ئىگىلىرىگە تارقىتىپ بەر» دېيىش.
3. بالا نەرسىنى ئېلىپ بېرىشكە تەمشەلگەندە، بالىنى كىمگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
4. بالا نەرسىلەرنى توغرا تارقاتسا مۇكاپاتلاش، ئەگەر خاتا بولۇپ قالسا، ئەيىبلىمەي تۈزۈپ، خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش.
5. بالىغا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىگىلىرىگە ئاساسەن، ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئىش تەقسىماتىنى بىلدۈرۈش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەن ئاۋتېمەن

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

ئويناش ئۇسۇلى

1. باللار ئۆيدە ئاۋتېمەننى دوراپ يۇقىرى ئاۋازدا «چوڭ بولغاندا ئاۋتېمەن بولىمەن» دېسە، ئاتا ـ ئانىلار چۆچۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.



2. باللار كارتون فىلىمنىڭ تەسىرىدە قېنى قىزىپ تۇرىدۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە چوڭ بولغاندا تورېئادۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

3. ئەگەر بالا ئۇزۇنغىچە پالۋانلىق، فانتازىيەلىك ئويۇنلىرىغا غەرق بولۇپ يۈرسە، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى يېتەكلەشكە دىققەت قىلىشى كېرەك.



ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ئازراقمۇ قىزىقمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە زورلىماسلىقى، ھەم ئۇلار ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشلاردىن ۋاز كېچىشكە زورلىماسلىقى كېرەك. پەقەت باللارنىڭ قىزىقىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسىلا، باشقىلارغا زىيان سالمىسىلا، ئۇلارنى مەيلىگە قويۇش كېرەك. قىزىقىش بىلەن غايە ئوخشىمايدۇ. قىزىقىش بىر خىل ھەۋەس خالاس. ئەگەر باللارنىڭ غايىسى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمىسە، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ توغرا غايە تىكلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.



# ئۈمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق ئادەم بولۇش




كارل ۋىتىر كىچىك بالىسىدا خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ بالىسىنىڭ ئۈمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. كارل ۋىتىر ئۇنىڭ غورۇرىنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. كىچىك كارل ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغاندا كارل ۋىتىر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئاڭلىغۇچىسى بولاتتى. ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىكلىرىنىڭ ھەممىنى سۆزلەتكۈزەتتى. كىچىك كارل قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، كارل ۋىتىر ئۇنىڭ دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. كارل ۋىتىر ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن ياخشى پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ناچار كەيپىياتىنى ۋاقتىدا ياخشىلاپ تۇرسا، ئۇلارنى ئۈمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق بالىلاردىن قىلىپ چىقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بىر قېتىم كىچىك كارل ئۆيگە خاپا ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە، كىچىك كارل ئۆيگە قايتىۋاتقاندا قاۋۇل بىر ئوغۇل بالىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ بالا كىچىك كارلغا ئۆزىنىڭ مۇسكۇللىرىنى كۆز - كۆز قىپتۇ، يەنە تېخى كىچىك كارلغا: «سەن ھەقىقىي ئەركەك ئەمەس، مەن ھەقىقىي ئەركەك» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كارل ۋىتىر بالىسىغا: «بالام، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقىي ئەركەكتە قاۋۇل بەدەن بولسىلا بولمايدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئەقىل - پاراسەت، غايە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك. سەن تېخى كىچىك، بەدىنىڭ بارا - بارا قاۋۇللىشىدۇ. سەن ئېگىلىگەن بىلىم تەڭ دېمەتلىكلىرىڭدىن كۆپ. بۇ سېنىڭ ھەقىقىي ئەركەك بولۇشۇڭغا پايدىلىق. مەن ئەزەلدىن سېنى ئۈمىدۋار، مۇستەقىل كۆزقارىشى بار بالا دەپ قارايمەن. سېنىڭ باشقىلارنىڭ باھاسىغا باغلىنىپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بىر ئەركەك ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەت» دەيدۇ. كىچىك كارلنىڭ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چېھرىدە قايتىدىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدۇ.




بالىنىڭ ئىچ مىجەز ياكى تاش مىجەز بولۇشى، باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولۇشى ياكى ئوچۇق - يورۇق بولۇشى ئۇلارنىڭ تۇغما خاراكتېرى. ئۇ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئائىلە مۇھىتى، تۇرمۇش ئادىتى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بالىلار باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى كەمسىتىدىغان بولۇپ قالسا، ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ پىسخىكىسىدىكى تۈگۈنىنى ۋاقتىدا تېپىپ، ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەلمىسە، بالىنىڭ پىسخىكا ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە يولۇقسا ئوخشاشلا توغرا ھەل قىلالمايدۇ - دە، كۆڭلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پىسخىكىسىدىكى بۇ يوشۇرۇن كېسەل بالىنىڭ خاراكتېرىدە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا شوخ، ئوچۇق - يورۇق بالا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايدىغان ئىچ مىجەز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com








# ئويۇنچۇقنى تەك ئويناش

ماس كېلىدىغان يېشى: 1 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: ئويۇنچۇق

ئويناش ئۇسۇلى

1. بالىنى دائىم سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، باشقا كىچىك دوستلىرى بىلەن بىللە ئويىنىتىش.

2. بالىنىڭ ئويۇنچۇقىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپ، بالىغا ئويۇنچۇقنى باشقىلار بىلەن بىللە ئويناشنى ئۆگىتىش.

3. ئۆيگە كىچىك مېھمانلار كەلگەندە بالىغا ئويۇنچۇقلارنى كىچىك مېھمانغا بېرىپ ئويناشنى ئۆگىتىش.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئەگەر بالا ئامراق ئويۇنچۇقلىرىنى بېرىشكە ئۇنىمىسا، بالىنى مەجبۇرلىماسلىق كېرەك.



# بۈركۈتنىڭ چۈجە تۇتۇشى

ماس كېلىدىغان يېشى: **3 ~ 6 ياشقىچە**

ئويناش ئۇسۇلى

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا جىق كىچىك دوستلارنى بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلىپ بېرىش.

2. كەڭرەك يەرنى تېپىپ، ئاتا ـ ئانىلار مېكياننىڭ رولىنى ئېلىپ، باتۇر بۈركۈتنىڭ رولىنى ئېلىشنى خالايدىغان بالىلارغا بۈركۈتنىڭ رولىنى ئالدۇرۇپ، قالغان بالىلارنى چۈجىنىڭ رولىنى ئالدۇرۇش.

3. بۈركۈت چۈجىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، تۇتۇلۇپ قالغان بالىغا بۈركۈتنىڭ رولىنى ئالدۇرۇپ ئويۇننى قايتىدىن باشلاش.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئويۇن جەريانىدا بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.



www.uyghurkitap.com

# ياغلىق تاشلاش

ماس كېلىدىغان يېشى: 2 ~ 6 ياشقىچە

كېرەكلىك نەرسىلەر: قول ياغلىق

ئويناش ئۇسۇلى

1. بىر نەچچە بالا يەردە يۇملاق بولۇپ ئولتۇرىدۇ، بىر بالا قول ياغلىقنى ئېلىپ چەمبەرنىڭ سىرتىنى ئايلىنىدۇ.

2. قول ياغلىقنى ئالغان بالا بىلەن باشقا بالىلار بىرلىكتە: «دوست ئىزدەيمەن، ئىزدەيمەن، كىم مېنىڭ ياخشى دوستۇم، سالام قىلىپ قول بېرىمەن، سەن مېنىڭ ياخشى دوستۇم» دېگەن بالىلار ناخشىسىنى ئېيتقاچ، چەمبەرنى ئايلىنىدۇ، ئاندىن ياغلىقنى ئولتۇرغانلاردىن بىرسىنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويىدۇ.



3. قول ياغلىق تاشلانغان بالا تاشلىغان بالا بىر ئايلىنىپ بولغۇچە بىلەلىسە، ئورنىدىن تۇرۇپ قول ياغلىقنى قويغان بالا بىلەن قول ئېلىشىدۇ. نۆۋەت ئالماشمايدۇ. بىر ئايلىنىپ چىققۇچە بىلەلمىسە، نومۇر ئورۇنلايدۇ. ئاندىن قول ياغلىقنى تاشلىغان بالا ئولتۇرىدۇ، قول ياغلىقنى ئالغان بالا ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.

4. ئويۇن مۇشۇنداق ئۇسۇل بويىچە داۋاملىشىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتە ياشايدۇ، مىجەزى ئوچۇق، چىقىشقاق ئادەمنى باشقىلار ئاسانلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىچ مىجەز كىشىلەرنىڭ ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشى تەسكە توختايدۇ. ياردەمگە موھتاج بولغاندا دائىم ئۆزىنى يالغۇز، تايانچسىز قالىدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىنى ھەممە تەرەپتىن يېتىلگەن ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇلاردا بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈش لازىم.

**图书在版编目(CIP)数据**

用游戏来教育孩子. 2：维吾尔文 / 比拉力·牙合甫编译. -- 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社, 2014.8
ISBN 978-7-5372-5787-9

Ⅰ. ①用… Ⅱ. ①比… Ⅲ. ①游戏课—学前教育—教学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ① G613.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 224954 号

## بالىڭىزنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەڭ (2)

تەرجىمە ئاساسىدا تۈزگۈچىلەر: بىلال ياقۇپ، ئاينۇر دولقۇن، ئايىۋۇى نەزەر

پىلانلىغۇچى: ئۆمەرجان ئەمەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرىدە غوپۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىد ئالىم
تېخرېداكتور: ھەسەنشاھ لېتىپ
رەسساملار: ئەخمەتجان ئابدۇرېھىم، بەختىيار مۇختار
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ نومۇر
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: ئۈرۈمچى جۇنشىڭ باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى
فورماتى: 787 × 1092 م م 1/16 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 10.5
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-5787-9
تىرىاژى: 5000 ـ 1
باھاسى: 37.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001

www.uyghurkitap.com

1814 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كارل ۋىتېرنىڭ بىر قوللۇق تەربىيەلەپ چىققان ئوغلى كىچىك كارل پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئەمدى 14 ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، قانۇن پەنلىرى دوكتۇرى بولدى. كىچىك كارل ھازىرغىچە «دۇنيا جىننىس رېكورتى قامۇسى» دىكى «ئەڭ ياش دوكتور» رېكورتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

كارل ۋىتېر ئوغلى كىچىك كارلنى تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى رەتلەپ «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. ئىككى يۈز يىلدىن بېرى، بۇ كىتابنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. بۇلاردىن سىدىس، ۋېنېربار، ۋېينىفورد قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق تالانت ئىگىلىرى، جۇڭگودا ھەممە ئادەم بىلىدىغان خارۋارد قىزى ليۇ يىتىڭ بار.

بۇ كىتاب «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» دېگەن بۇ داڭلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارغا ئەڭ ئاسان يول بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ھەربىر بۆلەكتىكى ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھەلەنگەن قىزىقارلىق ئويۇنلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىنى تەربىيەلىشىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرىدۇ.

بۇ كىتاب ئائىلە مائارىپىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئويۇنلاردا 6 ياشقىچە ماس كېلىدۇ، دېيىلدى، لېكىن كۆپ قىسىم ئويۇنلار 12 ياش، ھەتتا ئۇنىڭدىن چوڭلارغىمۇ ماس كېلىدۇ.

بۇ كىتاب سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن ئويۇن ئويناپ، بالىڭىزنى خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ئىچىدە تالانت ئىگىسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىڭىزدا ياخشى ھەمراھىڭىز بولۇپ قالغۇسى.